ئەسەرلەر گۈلىستانى

# تەدبىر قىلىچتىن ئۆتكۈر

(بابۇرنامە)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلستانى

# تەدبىر قىلسەن تەقدىر كۈلەر

(بابۇرنامە)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «تەدبىر قىلىچتىن ئۆتتىكتۇر» دېگەن كىتابتا زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 – 1530) نىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى، شۇنداقلا 200 پارچىگە يېقىن رۇبائىيسى تونۇشتۇرۇلدى.

# مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى ــــ مۇھەممەد بابۇر[1]

ئوسمان مۇھەممەدى قاراقۇتلۇق

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 ــ 1530) ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان دىيارىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىمپېراتور ھەمدە مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر مەدەنىيەت ئەربابىدۇر.

ئۇ بۇندىن 500 يىل بۇرۇنقى جاھاننى قۇللۇق ۋە فېئودالىق ئاسارىتى قاپلىغان زاماندا يېتىشىپ چىققان، يۈكسەك ئاڭ ـ سېزىم، قورقماس شىجائەتلىك ئىرادە ۋە ھارماس ـ تالماس تىرىشچانلىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن مەدەنىيەتلىك تۈيغۇسىنى نامايان قىلغان شەخستۇر.

«ئۇ كىچىككىدىن تارتىپلا بىر جەڭچى بولۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپىنى ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن. بۇ جەسۇر شاھزادە جانلىق تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا، تولغۇمەس زېھنىي كۈچ ۋە ئۇلۇغ ئىرادىگە ئىگە ئىدى.»(1)

ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر كىچىك كۆچمەن ھاكىمىيەتنىڭ بارلىق ئالىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتقان سەرگەردان پادىشاھ

---

[1] «مايبۇلاق» 2003 ـ يىل 2 ـ سان.

ۋاقتىدا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى فېئوداللىق ۋە يانچىلىق تۇزۇمىدە پارچىلىنىپ (قەلئە بەگلىك ھاكىمىيىتىدە) ئۆز ئالدىغا ئۇخلاپ ياتقان ھىندىستاننى قورال كۈچى بىلەن ئويغاتقانىدى.

بۇ چاغدا ھىندىستاندا مۇسۇلمان ۋە ھىندى مىللەتلىرى شۇنداقلا مۇسۇلمان ۋە ھىندى ھاكىمىيەتلىرى تەڭلا مەۋجۇت ئىدى.

مۇھەممەد بابۇر ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ـ جەنۇبىي ئاسىيانىڭ بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە پارسلاردىن تەشكىللەنگەن سانى ئاز ئەمما كۈچلۈك قوشۇنلىرى بىلەن ھىندىستاندەك زېمىنى كەڭرى، نوپۇسى كۆپ ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى كۈچلۈك ئەلگە يۈرۈش قىلىپ، بۇ يەرگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيە مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىردى ھەمدە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. «بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا قوللانغان بارلىق تەدبىرلىرىدە دىنىي ئەمەس، سىياسەتنى ئاساس قىلغان (2)» ئىدى.

چىن شىخۇاڭ (3) ئەينى زاماندا جۇڭگودىكى ئالتە بەگلىكنى بويسۇندۇرۇپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن مەشھۇر شەخس بولسا، مۇھەممەد بابۇر ھىندىستاندىكى يەتتە خانلىقنى بويسۇندۇرۇپ ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەن مەشھۇر شەخستۇر. مۇھەممەد بابۇرنى يەنە تارىختىكى جورجۇتلارنىڭ يەتتە قەبىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ مانجۇ خاندانلىقىنى قۇرغان نۇرغاچى(4) غا ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. ھىندىستاندا «بۇ تۆمۈر

شاھزادىسىدىنمۇ ئارتۇق شاھلىق ئەخلاقىغا ئىگە ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى.»(5) ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيە دەۋرى فېئوداللىق ـ يانچىلىق تۈزۈمىدە ئىدى. تارىختا قەدىمىي مەدەنىيەتلىك رايون دەپ ئاتالغان ھىندىستان فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشى ۋە راۋاج تاپماس قەلئە بەگلىكلىرى جەمئىيىتى تەسىرىدە ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىدىن كۆپ كېيىن قالغانىدى. ھالبۇكى 15 ـ ئەسىردە غەربىي ياۋروپادىكى ئەنگلىيە قاتارلىق ئەللەردە يېڭى بۇرژۇئازىيە تەرەققىي قىلىپ كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە ئۆتكەنىدى.

مۇھەممەد بابۇر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىلىم ـ مەلۇماتلىق ۋە كۆپنى كۆرگەن ئىستىبداتلىق پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىلانە ئىنسانپەرۋەرلىكى، مەردۇمەردلىكى، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ھەم سەۋر ـ قانائەتچانلىق روھى ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوردا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۆلەت ئەركانلىرى ۋە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ شۇنداقلا شۇ جەمئىيەتتىكى خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، ساداقىتىنى ئويغاتقانىدى. مۇھەممەد بابۇر بارغانلىكى ۋە تۇرغانلىكى يەردە ئىلغار دۇنيا قاراش بىلەن يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەت تارقاتتى. ئۇ ئۆزى يېزىپ قالدۇرغان ۋە بۈيۈك ھىندىستان تۈرك، موغۇل ئىمپېرىيە تارىخىغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن غايىلىك، ئىرادىلىك، تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر مەدەنىيەتلىك كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىمپېراتور مۇھەممەد بابۇر تۈرلۈك ئېتىقاد ۋە تەبىقىدىكى ھىندىستان مەملىكىتىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن بىر ئىزدا

توختاپ قالىدى. ئۇ يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتىدىن تارتىپ تاكى يەر ـ زېمىن، دەريا ـ ئېقىن، قاتناش ـ پوچتا ئالاقىلەرگىچە زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت تارقاتتى. لەشكىري يۈرۈش جەريانىدا ئۇ ئۆزىنى سەركەردە ـ نۆكەرلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويدى. سەركەردە ـ نۆكەرلەر پىيادە ماڭسا پىيادە ماڭدى، ئاتلىق ماڭسا ئاتلىق ماڭدى. ھەتتا سەركەردە ـ نۆكەرلەر بىلەن بىر كىيىمدە ئولتۇردى. مەيلى شاھ، مەيلى گاداي، مەيلى ئەمەلدار، مەيلى پۇقرا بولسۇن ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى يۇقىرى ئورۇنغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە ئادەم قار ـ شىۋىرغان ئىچىدە تۇرغاندا، مەن ئىسسىق ئۆيدە دەم ئالسام، ھەممە جاپا ـ مۇشەققەت چېكىۋاتقاندا، مەن بۇ يەردە ئۇخلىسام، راھەتلەنسەم، ئادەمگەرچىلىكتىن يىراق، ھەمنەپەسلىككە يات بىر ئىش بولىدۇ. ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت بولسا كۆرەي، كىشىلەر چىدىغانغا مەنمۇ چىداي، پارسچە ماقالدا ‹دوستلار بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي› دېگەنىكەن دەپ ئويلىدىم.»(6)

ئۇ پارسچە بىر نەزمىدە مۇنداق يازغانىكەن، ئۇنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

«كۆڭۈلنى يارا قىلىشتىن قىل ھەزەر،
كۆڭۈل يارىسى ئاخىر ئۆزىن كۆرسىتەر.
ئىمكان بار بىر كۆڭۈلنىمۇ قىلما يارا،
بىر ئاھ دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن ئېتەر.»

ئۆز پۇقراسى بىلەن ئۆزىنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ، پۇقرالار بىلەن ئۆزىنى ھەمنەپەس ھېسابلىغاندىنمۇ ئارتۇق پەزىلەت بارمۇ؟! پۇقرالارنى گويا دوستلارغا ئوخشىتىپ بىر كۆڭۈلنىمۇ يارا قىلماسلىقتىن ئېسىل خىسلەت بارمۇ؟!

جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىداش مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئىرادىسى بولسا، پۇقرا بىلەن ئۆزىنى ئوخشاش ھېسابلاش ئۇنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىدۇر. «ئۇ مۇلايىم، باتۇر، كەڭ قورساق، زېرەك ۋە ئوچۇق - يورۇق بولۇپ، ھەرقانداق ئۆلچەم بىلەن قارىغاندىمۇ ئۇلۇغ ئادەم ئىدى.»(7)

مۇھەممەد بابۇر ھىندىستاندا ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى ئورناتقاندىن كېيىن، ئەقىل - تەپەككۇرنى پۇقراچىلىققا قارىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تۇتۇش قىلدى.

مۇھەممەد بابۇر «كەڭ تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيگۈچى»(8) بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقنىڭ ساپ ھاۋا، گۈزەل مۇھىتتىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن، چارە - تەدبىر بىلەن پىلانلىق ئىش كۆرگەنلىكتىن «شۇنچە ساپاسىز ۋە رەتسىز بولغان ھىندىستاندا پىلانلىق ۋە رەتلىك قۇرۇلغان چىرايلىق باغلار پەيدا بولدى. دوقمۇشلار ياراملىق چىمەنلىكلەر بىلەن، چىمەنلىكلەر مۇناسىپ گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلدى.»(9) ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەل ئولتۇرۇشلۇق يەرلەردە چاق ئارقىلىق ئېقىن سۇ پەيدا قىلىپ، پىلانلىق ۋە سىياقلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى دائىم»(10) ئويلاپ تۇراتتى. مەملىكەت مىقياسىدىكى قاتناش ۋە پوچتا يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىنى

ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «تۈز يولدىكى ھەربىر قونالغۇنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەم تانابى بىلەن ئۆلچەپ مىڭىش بۇيرۇقى، ... دەريا قىرغىقىنى ئۆلچەپ مىڭىش بۇيرۇقى بېرىلگەنىدى.»(11)

ئۇ يەنە پادىشاھلىق كىبىرىنى تاشلاپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، قەرەللىك ھالدا تۆۋەنگە چۈشۈپ، دۇلپۇر رايونىدا ياسالغان «كۆلچەك ۋە قۇدۇق قۇرۇلۇشىنى كۆرۈش» كە(12) بارغانىدى.

نەتىجىدە، شۇ جايدىلا «تاش قۇدۇق، يىگىرمە ئالتە تاش ئېرىق، تاش تۈۋرۈك ۋە بىر پۈتۈن قىياغا قېزىلغان ئېرىقلار پۈتۈپ»(13) قۇدۇقتىن سۇ تارتىشقا باشلانغان. ھەر قايسى ئىش مەيدانلىرىدا ئىشلەۋاتقان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئىنتىزامچانلىقى ۋە ئىشچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، «دۇلپۇردا ئىش قىلىۋاتقان تاشچىلارغا، ياغاچچىلارغا ۋە بارلىق ئىشچىلارغا، ئەگەرەدىكى ئۇستىلار ۋە ئىشچىلارغا لايىقىدا ئىنئاملار»(14) بېرىلگەن، ھىندىستاننىڭ توپا ـ چاڭلىق ۋە ئىنتايىن ئىسسىق ھاۋا كىلىماتى تۈپەيلىدىن بۇ يەرگە ھامام (مۇنچا) ياساش تەشەببۇس قىلىنىپ «ھامامنىڭ ئىسسىق كۆل بار ئۆيى تامامەن تاشتىن ياسالغان، ئۇنىڭ فونتانىغا ئاق تاش ئىشلىتىلگەندىن باشقا، پەگا ۋە تورۇسنىڭ ھەممىسىگە بىيانەدىن چىققان قىزىل تاش ئىشلىتىلگەن، ... دەريا ياقىسىدىن يەر تەگكەنلەرنىڭ ھەممىسى رەتلىك ۋە ياخشى پىلانلانغان باغچە ۋە كۆللەرنى ياسىدى.»(15) مۇھەممەد بابۇر يەنە ئىش تەقسىماتى بىلەن مەسئۇلىيەتچانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەربىر ئىش تۈرلىرىگە

يېتەكچىلىك قىلغۇچى تېخنىك ۋە ئىش باشلىغۇچى ئۇستىلارنى بەلگىلەپ، ئۇلارغا يېڭىدىن «بولىدىغان قۇرۇلۇشلار توغرىلۇق چۈشەنچە بېرىپ، بۇ ئىشلارغا ھۆددىگەر قىلىپ»(16) بەلگىلىگەن. پادىشاھ مۇھەممەد بابۇر يەنە خەلقنىڭ ئەمىنلىكىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەمىر - بەگلەرگە جۈملىدىن ئوغلانلىرىغا «ئوغرىلىق بىلەن قاراقچىلىقنى يوقات، ھېچكىمنىڭ ئاسايىشلىقى بۇزۇلمىسۇن»(17) دەپ تاپىلىغان ھەمدە چېگرا بەگلىكلىرىگە «ئوغرى - قاراقچىلارنى تۇتۇپ، تۇرمۇش ۋە مۇئامىلىنى ياخشىلاش توغرىلىق پەرمان»(18) بەرگەن، «ئەمدى ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئىدارە ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ھېچقانداق سۆز ۋە توسالغۇ قالمىدى، مۇندىن كېيىن قورغان نامەزمۇت، ئاھالە نامەمۇر بولسا ياكى ئاشلىق يوق، خەزىنە قۇرۇق بولۇپ قالسا، بۇ ئىدارە قىلغۇچىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ»(19) دەپ ھۆكۈمەت ئۇستىدىكى ئەمەلدارلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

15 — ، 16 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن پادىشاھ، خانلار مۇشتۇمزور، تەكەببۇر، قانخور ۋە ئۆز بېشىمچى بولۇپ، مۇھەممەد بابۇر ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ھەتتا ئۆز يېنىدىكى مۇلازىم - نۆكەرلەرگىمۇ زومىگەرلىك ۋە قوپاللىق قىلمايتتى. «لېكىن ئۇنىڭ ئادەملەر، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھىندىستانلىقلارنىڭ كەسپى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇستىدىكى كۆزىتىشلىرى ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە پىشىپ يېتىلگەن زىرەكلىكىنى نامايان قىلغان»(20) ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:



www.uyghurkitap.com

«كىچىكىمدىن تارتىپ مېنىڭ ئادىتىم شۇ ئىدىكى، ئىچمەيدىغان ئادەمنى شارابقا تەكلىپ قىلمايتتىم.»(21)

مۇھەممەد بابۇر ئىمپېراتور بولغىنىغا قارىماي ئەڭ كۆپ كىتاب ئوقۇغان كىشى ۋە ئوردىغا كۇتۇپخانا قۇرغان كىشى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەلىئەھدى ـ ئەۋلادلىرى سەرگەردانلىق ھاياتىدا ۋە شاھەنشاھ بولغان سەلتەنەتلىك يىللاردىمۇ قىرائەتخانا ۋە كۇتۇپخانا قۇرۇشنى، تۈرلۈك مەزمۇندىكى كىتاب ـ قولىيازمىلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىلىم ـ پەن ئىگىلەشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇلار ئوردىدا مۇكەممەل كۇتۇپخانا قۇرغانىدى، مۇھەممەد بابۇر قۇرغان ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ئابدۇللا كىتابدار، موللا ئاخۇن كىتابدار ۋە خوجا مۇھەممەدئەلى كىتابدار قاتارلىق بىرقانچە ئىلىملىك ۋە فازىل كىشىلەر كۇتۇپخانا باشقۇراتتى ۋە كىتاب كۆچۈرەتتى. مۇھەممەد بابۇر بۇ كىتابدارلارنى «ئىچكىيلەر»(22) قاتارىدا تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇلار مۆرتىۋە جەھەتتە ئىچكىيلەر بىلەن بىللە جەڭگە قاتنىشاتتى.

مىرزا ھەيدەر كۆرەگان «تارىخىي رەشىدى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە مۇھەممەد بابۇرغا يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىيدىن كېيىن تۈركىي تىلدا شېئىرنى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك ئېيتمىغان بولغىيتتى...»(23) مۇھەممەد بابۇر ھەم سەنئەتخۇمار كىشى ئىدى. ئۇ سەنئەتتىن شەخسىي ھۇزۇرلىنىش ۋە ئەيش ـ ئىشرەت ئۈچۈن پايدىلانمايتتى. بەلكى، سەنئەتنى مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن كۆپچىلىك بىلەن بىللە ھۇزۇر ئالاتتى ۋە

www.uyghurkitap.com

سەنئەتكارلارنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ شاھەنشاھلىق دۆلەت ئوردىسىدا ھازىرقى دەۋردىكى سەنئەت ئانسامبىلىغا ئوخشاش چوڭ سەنئەت ئەترىتى بار ئىدى. بۇ ئەترەت تەركىبىدە نوپۇزلۇق ئەلنەغمە (مۇزىكا گۇرۇپپىسى) بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل ساز چالىدىغان نەغمىچىلەر (مۇزىكانتلار) بار ئىدى، ئوردا ئىچىدىمۇ مۇقامشۇناس ئەربابلار بار ئىدى. مۇھەممەد بابۇر ئۆزىمۇ كىچىكىدىن باشلاپ ھەرخىل سازلارغا قىزىقىدىغان بولۇپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «چارىگاھ ئاھاڭىنى»(24) ئىشلىگەنىدى. ئوردا سەنئەت ئانسامبىلى تەركىبىدە يەنە بىر گۇرۇپپا سىېرىك گۇرۇپپىسى بار ئىدى، ئۇلار «لولىلار» دېيىلەتتى. بۇ سىېرىكچىلەر قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا دۆلەت ئەركانلىرىغا ۋە پۇقرالارغا ئويۇن كۆرسىتىپ تۇراتتى. ھەر مىللەتنىڭ ئويۇنچىلىرى ھەرخىل ئويۇن كۆرسىتەتتى. بۇ كۆرۈنۈشنى مۇھەممەد بابۇر مۇنداق يازغان: «بىز تەرەپنىڭ لولىلىرى ئىككى تال ياغاچنى ئىككى پۇتىغا باغلاپ ياغاچ پۇت بولۇپ ماڭىدۇ، ھىندىستان لولىلىرى بولسا بىر تال ياغاچ بىلەن ماڭىدۇ ھەم پۇتىغىمۇ باغلىمايدۇ.»(25)

تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋە جىسمانىي كۈچ سىناش ئويۇنلىرىدىن چېلىشىش، مۇشتلىشىش (بوكسيورلۇق)، ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى، لەشكىريي قىسىمدا تاللانغان چېلىشىش پالۋانلىرىغا ۋە مۇشتلاشچىلارغا پادىشاھ نامىدىن ۋە ۋەزىر، ئەمىر، بەگلەر، سەركەردىلەر تەرىپىدىن نەق مەيداندا مۇكاپات ـ ئىنئاملار بېرىلەتتى.

ھىندىستاندا تۈرك ـ موغۇل دەۋرىدە سۈرەت سىزىش،

رەسساامچىلىقمۇ ھاازىرقى دەۋردىكىگە ئوخشاش روناق تاپقان سەنئەت تۈرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. «چىنار باغىنىڭ ئىشىكىگە سالدۇرغان سۈرەتخانىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە كىچىكرەك بىر ئاق ئۆي تىكىلگەن بولۇپ»،(26) مۇھەممەد بابۇر بۇ يەرگە داۋاملىق كېلىپ تۇراتتى. بىۋاسىتە پادىشاھ باشقۇرغان بۇنداق سۈرەتخانىلاردا نەچچە ئونلاپ رەسساملار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستازلىرى ئىشلەيتتى. «بابۇرنامە» غا تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن مەشھۇر رەسساملارنىڭ سىزغان رەسىملىرى ئاق، قارا رەڭلىك بولۇپ، ھازىرقى دەۋردىكى فوتو ئاپپارات سۈرەتلىرىدىن قېلىشمايتتى، ھەتتا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن مۇھەممەد بابۇرنىڭ شاھىنشاھلىق سۈرىتى بۇ تەرىپىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىمپېراتۇر مۇھەممەد بابۇرنىڭ ۋەلىئەھدىسى ھۇمايۇن پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن قوشنا دۆلەت پېرسىيە (ئىران) غا بارغاندا پېرسىيە پادىشاھى تەھمەسپىنىڭ نىگارخانا(27) سىدا «ھەربىرى يۈزمىڭ ئالتۇن تەڭگىگىمۇ سېتىلمايدىغان بىباھا رەسىملەر»(28) نى كۆرگەن، پادىشاھ ھۇمايۇن بۇنداق ئېسىل سۈرەتلەرنى سىزغان ئاتا ـ بالا رەسسام (مىرمۇسەۋۋىر ۋە سەيىد ئەلى) لەرنى ناھايىتى يۇقىرى باھادا ھەق تۆلەپ كابۇل ۋە ھىندىستانغا ئېلىپ بارغان ئىدى.

مۇھەممەد بابۇر سۇ ئۈزۈشكىمۇ ماھىر ئىدى، بۇ توغرىدا مۇنداق يېزىلغان: «ئۈكۈنى گانگ دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتتۈم، ئۈزگەندە تاشلانغان ھەربىر غۇلاچنى ساناپ تۇردۇم، 33 غۇلاچ بىلەن ئۆتتۈم ۋە ئۈياقتا توختىمايلا يەنە ئۈزۈپ بۇياققا ئۆتتۈم،

ھەممە دەريالاردىن ئۈزۈپ ئۆتكەندىم، پەقەت گانگ دەرياسىلا قالغاندى.»(29)

مۇھەممەد بابۇر لەشكىري يۈرۈش ئۈستىدە ئۇچرىغان دەريا ـ كۆللەرگە سەركەردە ـ نۆكەرلەرنى سۇ ئۈزۈشكە مۇسابىقىگە سېلىپ، ئالدىنقى قاتاردا ئۈزۈپ ماھارەت كۆرسىتىپ ئۆتكەنلەرگە مۇكاپات ـ ئىنئام بېرىپ تۇراتتى.

ھىندىستاندىكى تۈرك ـ موڭغۇل ئىمپېرىيە تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ خاندانلىقنىڭ ئاساس سالغۇچى مۇھەممەد بابۇردىن تارتىپ ئاخىرقى ھۆكۈمرانلارغىچە ئۇلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئىسلاھاتچى، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. پادىشاھ «ھۇمايۇن كىشىلەرگە ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلاتتى، ... ھەربىي يۈرۈشلەردىمۇ بىرمۇنچە كىتابلارنى يېنىدىن ئاجراتمايتتى.»(30) ھۇمايۇن يەنە نۇرغۇن پەنلەرگە قىزىقاتتى، نەزەر دائىرىسى كەڭرى ئىدى. «ئۇ 1555 ـ يىلى خانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، دېھلىدا ھاۋارايى ئىستانسىسى قۇرۇشنى پىلانلىغانىدى.»(31) ھۇمايۇن ھەقىقەتەن «دۆلەت شاھىغا خاس نۇرغۇن گۈزەل ئەخلاقىغا ئىگە پادىشاھ ئىدى.»(32)

ھۇمايۇننىڭ ۋەلىئەھدى جالالىددىن ئەكبەر ھىندىستان تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەكبەر ئۆزىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتىنمۇ نۇرغۇن يېڭىلىق يارىتىدۇ، ... ئاياللارنىڭ ئوتقا سەكرەپ ئېرى ئۈچۈن قۇربان بولۇش ئادىتىنى چەكلەشكە



www.uyghurkitap.com

ئۇرۇنىدۇ، ...ئەكبەر ئىنسانپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، مىلىيلىدىن ئارتۇق داۋام قىلغان بۇ يامان ئادەتكە قارشى تۇردۇ.»(33) ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دوستلۇق ـ دىپلوماتىيە سىياستىگە ئەھمىيەت بېرىپ، «ئۇ ھىندىستان بىلەن پېرسىيەنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بەل باغلاپ، سانسكرىت يېزىقىدىكى ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا كىتابلىرىنى پارسچىغا تەرجىمە قىلىش رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىپ تۇرغان.»(34) پادىشاھ ئەكبەر ئەجدادلىرىغا ئوخشاش سەنئەتخۇمار كىشى بولۇپ، دۆلەتتە تۈركچە، پارسچە، ھىندىچە سەنئەت ئانساامبىللىرىنى قۇرغان. «ئەكبەر يەنە نۇرغۇن مۇزىكانتنى بېقىپ ھەر كۈنى ھىندىستان، پېرسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، كەشمىر قاتارلىق جايلارنىڭ مۇزىكىلىرىنى نۆۋەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان، ئۆزىمۇ مۇزىكا ئىجاد قىلغان.»(35)

«ئەكبەرنىڭ بىر ھۆكۈمران، سىياسىئون ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قوغدىغۇچى سۈپىتىدىكى ئۇلۇغلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمىدى. ئىنكار قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.»(36)

ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زور بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيە ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ، ھىندى خەلقىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندى، ھازىرقى دەۋرلەرگىچە ساقلىنىپ كەلگەن تۈرك ـ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرلىرىدىكى نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيە نۇسخىسىدىكى قۇرۇلۇشلاردۇر. بۇ قۇرۇلۇشلار ھازىر ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بىلەن

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ ساقلانماقتا.

ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىزنى كېيىنكىلەر بېسىپ ماڭغاندەك، ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن كېيىنكىلەر پايدىلىنىدىغان ياخشى ئىش، ياخشى پەزىلەتلەر ئۈرنەك بولۇپ قالىدۇ، يامان ئىش، يامان ئەخلاقلار ئىبرەت بولۇپ قالىدۇ، مۇھەممەت بابۇر ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىدىن قالغان ياخشى ئىش ۋە ياخشى پەزىلەتلەرگە (يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتكە) ۋارىسلىق قىلىپ مەڭگۈ تەرىپلىنىدىغان دەرىجىگە يەتتى. پادىشاھ ئەكبەرنىڭ ئوغلى — سەلىم (جاھانگىر) «ئۇ تۈرلۈك كىتابلارنى ئوقۇشقا خۇشتار بولۇپ، پارسچە شېئىرلارنى كۆرۈپ تۇراتتى.»(37)

جاھانگىر سەنئەتكە ھېرىسمەن ئىدى. «جاھانگىر ئۆزى رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرۈپلا قالماي بەلكى ھىندى ۋە ئىسلام دىنىدىكى نۇرغۇن رەسساملارغا تەلىم بېرەتتى.»(38)

پادىشاھ جاھانگىرنىڭ ۋەلىئەھدى — قۇررام (شاھ جاھان) «ئۇ بەش ياشقا كىرمەيلا ساۋات چىقىرىپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەن، پارس تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان بولغان، ھىندى تىلى ۋە تۈرك تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئەمما ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىشقا، قىلىچۋازلىق، ئۈزۈچىلىق، شېئىرىيەت، مۇزىكا ۋە گۈزەل سەنئەتكە بەكمۇ قىزىقاتتى.»(39) شاھ جاھان ئوقۇمۇشلۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭرى ۋە كەڭ پىكىرلىك، باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالىدىغان پادىشاھ بولۇپ، «بەزىدە قۇرۇلۇش مەيدانلىرىغا بېرىپ نازارەتچىلىك قىلاتتى ھەمدە ئىشەنچلىك ئادەملىرى بىلەن

مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باراتتى.»(40)

مۇھەممەت بابۇر باشلاپ بەرگەن خەلق سۆيگەننى سۆيۈش، خەلق قارشى تۇرغانغا قارشى تۇرۇش، ئىرادىلىك، چىداملىق بولۇش ۋە مەردلىك — كېيىنكى ئەۋلادلارغا دەستۇر بولۇپ قالدى. ھازىرمۇ ھىندىستان ۋە پاكىستان خەلقى بۇ دەستۇرنى تىلغا ئېلىپ مەدھىيە ئوقۇپ كەلمەكتە.

ئىزاھاتلار:

(1) سەئىد فەيياز مەھمۇد (پاكىستان) «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 931 — 932 بەتلەر.

(2) «ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى» 1 — 2 - بەتلەر.

(3) چىن شىخۋاڭ: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221 - يىلى ۋېي، خەن، جاۋ، چۇ، يەن، تيەنچى بەگلىكلىرىنى يوقىتىپ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە ئۆزى تۇنجى پادىشاھ بولغان.

(4) نۇرغاچى — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى، ئۇ 1599 - يىلى شەرقىي شىمالدىكى كۈچلۈك جورجۇتلارنىڭ يەتتە قەبىلىسىنى يېڭىپ بىرلىككە كەلتۈرگەن.1616 - يىلى خانلىق تەختتە ئولتۇرغان، 1629 - يىلى 30 - سېنتەبىر ۋاپات بولغان.

(5) «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 940 - بەت.

(6) «بابۇرنامە» 365 — 366 - بەتلەر.

(7) «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 940 - بەت.

(8) «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 940 - بەت

(9) «بابۇرنامە» 570 — 571 بەتلەر.

(10) «بابۇرنامە» 570 ـ بەت.

(11) «بابۇرنامە» 685 ـ بەت.

(12) (13) (14) «بابۇرنامە» 665 ـ بەت.

(15) «بابۇرنامە» 571 ـ بەت.

(16) «بابۇرنامە» 672 ـ بەت.

(17) «بابۇرنامە» 673 ـ بەت.

(18) «بابۇرنامە» 677 ـ بەت.

(19) «بابۇرنامە» 674 ـ بەت.

(20) سەئىد فەيياز مەھمۇد «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 938 ـ بەت.

(21) «بابۇرنامە» 462 ـ بەت.

(22) «ئىچكىيلەر» — پادىشاھ ـ خانلارنىڭ يېقىن ئادەملىرى، تېخى بەگلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن ساراي ئەمەلدارلىرى.

(23) «بۇلاق» ژۇرنىلى 2002 ـ يىلى 2 ـ سان 32 ـ بەت.

(24) «بابۇرنامە» 475 ـ بەت.

(25) «بابۇرنامە» 664 ـ بەت.

(26) «بابۇرنامە» 449 ـ بەت.

(27) نىگارخانا — چىرايلىق ئۆي ياكى سۈرەتخانا دېگەن مەنىدە.

(28) «ھۇمايۇن» 243 ـ بەت.

(29) «بابۇرنامە» 682 ـ بەت.

(30) (31) «ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى» 24 ـ بەت.

(32) سەئىد فەيياز مەھمۇد «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 962 ـ بەت.

(33) (34) (35) «ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى» 29 ـ، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر.

(36) سەئىد فەيياز مەھمۇد «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 980 ـ بەت.

(37) (38) (39) (40) «ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى» 58 ـ، 59 ـ، 60 ـ، 61 ـ بەتلەر.

# تۇنجى نەۋائىيشۇناس مۇھەممەد بابۇر[1]

ئوسمان مۇھەممەدى قارا قۇتلۇق

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئەلىشىر نەۋائىي دۇنياۋى مەشھۇر شەخس، ئۇ ئىستىبداتلىق دۆلەت ئەربابى، يېتىشكەن سەنئەتكار ۋە تالانتلىق ئەدىبتۇر.

ئۇ ھجرىيەت 844 ـ يىلى رامىزاننىڭ 7 ـ كۈنى (مىلادىيە 1441 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، ھجرىيە 906 ـ يىل جۇمادىئوسنىڭ 12 ـ كۈنى (مىلادىيە 1501 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) ھىرات شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا بىللە ئوقۇغان، كېيىنكى دەۋردە خوراساندا پادىشاھلىق تاجىنى كىيگەن سۇلتان ھۈسەين مىرزا (بايقارا) ھاكىمىيىتىدە تامغىچى ۋەزىر (مۆھۈردار) لىك مەنسىپىدە بولغان، ھوقۇقلۇق بەگلەردىن بولسىمۇ، ئەمما ئادىللىقتا، مۇرۇۋۋەتلىكتە، خەلقپەرۋەرلىكتە پادىشاھلاردىنمۇ ئۈستۈن شۆھرەت قازانغانىدى. ھەتتا ئول زاماندىكى «سۇلتانلار سۇلتانى»(1)، «شىجائەتلىك جەسۇر» (2) پادىشاھ سۇلتان ھۈسەين مىرزا (بايقارا) ئەلىشىر نەۋائىينى قەدىرلەپ ۋە ماختاپ

---

[1] «مايبۇلاق»، 2002 ـ يىل 4 ـ سان.

«شېئىرىيەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى بويىچە ‹ساھىبقىران›، دەپ ئاتاپ ۋە ‹تەڭداشسىز›، دەپ تەرىپلەپ (3)» كۆككە كۆتۈرگەنىدى.
مۇشۇ دەۋردە پەرغانىدە ئەمىر تۆمۈر كورەگان (1336 – 1405) نىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بىر ئەمىرزادە ئۆتكەنىدى. ئۇ «تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدىكى قىممىتى تەڭداشسىز (4)» بولغان «بابۇرنامە» نىڭ يازغۇچىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (5) ئىدى.
ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپات بولغاندا مۇھەممەد بابۇر 18 ياشتا بولۇپ، نەۋائىي بىلەن بىۋاستە كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نام - شەرىپىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى پۇتۇنلەي ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلىم ئىقتىدارى، قابىلىيىتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن تونۇشۇپ بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ مۇھەممەد بابۇر يېتىشكەن ئەدىبلىك تالانتى بىلەن ئۆز كىتابىدا ئەلىشىر نەۋائىي توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغانىدى.
«ئەلىشىر بەگ نازۇك مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. كىشىلەر ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى دۆلىتىنىڭ غۇرۇرىدىن بولغان دەپ بىلىشەتتى، لېكىن ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، بۇ ئۇنىڭ تۇغما سۈپىتى ئىكەن، سەمەرقەندتە تۇرغان ۋاقتىدىمۇ شۇنداق نازۇك مىجەز ئىكەن، ئەلىشىر بەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى، تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس. ئالتە مەسنىۋى كىتاب تەسنىپ قىلىپتۇ، بەشى ‹خەمسە›، تەقلىدىدە تۈزۈلۈپتۇ، بىرى ‹مەنتىقۇتتەير› ۋەزنىدە تۈزۈلۈپ ‹لىسانۇتتەير› دەپ ئاتىلىپتۇ.

‹غەرائىبۇسسىغەر›، ‹نەۋادىرۇششەباب›، ‹بەدا ئىئۇلۋەسسەئەت› ۋە ‹فەۋائىدۇلكىبەر› ناملىرىدا تۆت غەزەليات دىۋانى تۈزۈپتۇ. ياخشى رۇبائىياتىمۇ بار.» (6) مۇھەممەد بابۇر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۇغما سۈپەتلىرىدىن تارتىپ نازۇك مىجەزلىرىگىچە، ئۇ يازغان خەمسە، غەزەل، رۇبائىيلىرىدىن تارتىپ چاھار دىۋانلىرىغىچە ھەممىسىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان ۋە بەلكى نەۋائىي ئەسەرلىرىنى توپلاپ ئۆز تەرتىپى بويىچە كۇتۇپخانىسىدا ساقلاپ تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد بابۇر ئەلىشىر نەۋائىيغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «تەڭدىشى يوق ئادەم» دېگەن، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يۈكسەك ئىقتىدارىنى ماختاش بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ سەمىمىي ۋە ساداقەتلىك بىلەن تەنقىد قىلغان.

مۇھەممەد بابۇر مۇنداق دەيدۇ: «بۇلاردىن باشقا (نەۋائىينىڭ) باشقا ئەسەرلىرى (مۇ) بار، لېكىن ئۇلار بۇ ئېيتىلغانلارغا قارىغاندا تۆۋەنرەك ۋە سۇسراق يېزىلىپتۇ، ئەسەرلىرىنى مەۋلانا جامىغا تەقلىد قىلىپ توپلاپتۇ، قىسقىسى ھەر كىمگە ھەرخىل ئىشلار ئۈچۈن يازغان خەتلىرىنى يىغىپتۇ، يەنە ‹مىزانۇلئەۋزان› ناملىق ئارۇز يېزىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ تەنقىدكە تېگىشلىك تەرىپى كۆپ، 24 رۇبائىي ۋەزنىدىن تۆت ۋەزنىدە خاتا قىلىپتۇ، بەزى بەھرلەرنىڭ ۋەزنلىرىدىمۇ يېڭىلىشىپتۇ، بۇلار ئارۇز بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مەلۇم بولغۇسىدۇر. پارسىي دىۋانىمۇ تۈزۈپتۇ، پارسىي نەزمىدە ‹فانى› تەخەللۇسىنى قوللىنىپتۇ، بەزى بېيىتلىرى يامان ئەمەس، لېكىن كۆپچىلىكى سۇس ھەم تۆۋەندۇر.» (7)

مۇھەممەد بابۇر بۇ يەردە تەلەپكار شاگىرتلىق مەۋقەسىدە

تۇرۇپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۈركىي، پارسىي ئەسەرلىرىنى تولۇق ئوقۇپ ۋە سىلىشتۇرۇپ چىقىپ ئۇنىڭغا ئىجابىي ۋە تەنقىدىي باھا بېرىپ، يۇقىرىقىدەك قەلەم تەۋرەتكەن.

مۇھەممەد بابۇر قىزغىنلىق بىلەن يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئەلىشىر نەۋائىي مۇزىكىدا ياخشى نەرسىلەرنى يارىتىپتۇ، ياخشى ناخشا ۋە ياخشى پەشرۇلىرى بار، ... سازدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستاد قۇل مۇھەممەد شەيخ ۋە ھۇسەيىن ئۇدىلار ئەلىشىر بەگنىڭ تەربىيىسى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا شۇقەدەر يۇكسىلىپ شۆھرەت قازاندى، ئۇستاد بەھزاد ۋە شەيخ مۇزەففەر ئەلىشىر بەگنىڭ غەيرىتى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا رەسىمدە شۇقەدەر مەشھۇر بولدى.»(8)

دېمەك، مۇھەممەد بابۇر ئەينى دەۋردە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يەنە يېتىشكەن سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن، ئۇنىڭ مۇزىكا ۋە رەسساملىقتىكى قابىلىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، چۈنكى مۇزىكا ۋە رەسساملىق يۇقىرى قابىلىيەت ۋە تالانت تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم سەنئەت تۈرلىرىدىن بىرى ئىدى، ئەلىشىر نەۋائىي بۇ جەھەتلەردىمۇ ھەرگىز بوش كەلمەي، ئالتۇندىن قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى پىدا قىلىپ، بەزىدە مۇزىكا چېلىپ، بەزىدە رەسىم سىزىپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزى ئۆگەنگەننىڭ سىرتىدا يەنە ھەۋەسكار ياشلارغا ئۆگىتىپ، ئاتاقلىق مۇزىكانت ۋە رەسساملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. كېيىنكى چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن»(9) دىمۇ نەۋائىينىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى قابىلىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

نەۋائىي ۋاپات بولغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا مۇھەممەد بابۇرنىڭ ياشلىقىدىكى جەڭگىۋار چاغلىرى بولسىمۇ، فەرغانىدىكى ئاتا مىراس پادىشاھلىقىقا ۋارىسلىق قىلالماي، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ، ئوتتۇرا ـ جەنۇبىي ئاسىيا تەرەپلەردە سەرگەردان پادىشاھ بولۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىيىنچىلىقلارغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلماي، قول ئاستىدىكى چېرىكلەرگە جەسۇرلۇق بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئوقۇيدىغان كىتاب، ئۆگىنىدىغان ئىلىمنى قولدىن بەرمەي قويمىغان ۋە ئەلىشىر نەۋائىيدەك يۈكسەك بىلىم ئىگىسىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ھەر جەھەتتىن تەتقىق قىلغانىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىلىم ـ ھېكمەتتە شۇنداق نوپۇزلۇق بولۇش بىلەن بىللە جەمئىيەتتە ــــ خەلق ئىچىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ قەلبىدە بۈزرۈكۋارغا ئايلانغانىدى.

بۇ توغرىدا مۇھەممەد بابۇر سەزگۈرلۈك بىلەن مۇنداق يازغان: «ئەلىشىر بەگ نۇرغۇن نەرسىلەر ئىجاد قىلغانىدى ۋە ياخشى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلغانىدى. بىر كىشى ھەرقانداق بىر ئىشتا بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارسا، ئۇنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئۇنى ‹ئەلىشىر› دەيتتى.»(10)

مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» دە نەۋائىينىڭ شەخسىي تۇرمۇشى توغرۇلۇق: «ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەھلى ئۈچۈن ئەلىشىر بەگكە يېتىدىغان مۇرەببىي ۋە ھامىينىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەستۇر،... بۇ قىلغانچىلىك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا مۇۋەپپەق بولغان بولۇشى مۇمكىن، پەرزەنتىسىز، ئايالسىز، بۇ ئالەمدىن يالغۇز ـ يېگانە ئۆتتى.»(11)



www.uyghurkitap.com

دەپ يازغىنىدەك، نەۋائىي گەرچە ھاياتلىقىدا خوتۇنسىز ۋە پەرزەنتسىز ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىنى ۋە قەلبىدىكى بارلىق ئىشلارنى ياخشىلىققا، مېھرىبانلىققا، خەير - ساخاۋەتكە، ئادىللىققا، راستچىللىققا، تىنچلىققا، ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ئېلىشى، ھۈنەر ئىگىلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق خاتىرجەم، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە بېغىشلىغان. ئۇ «كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىلىم - مەرىپەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، جاھالەتنىڭ زەرەرلىكىنى ئادەملەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن، قەلەم كۈچىنى كۆپ سەرپ قىلغان.»(12)

ئىنسان ئۈچۈن ھاياتىي دۇنيادا بۇنىڭدىن شەرەپلىك ئارزۇ قىلغۇدەك مۇناسىپ ئىش بارمۇ؟

سۇلتان ھۈسەين مىرزا (بايقارا) ھىجرىيە 911 - يىل زۇلھەججە ئېيىدا (مىلادىيە 1506 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) بابا ئىلاھى دېگەن جايدا 68 يېشىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلانلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تەھدىت سېلىۋاتقان شەيبانى(13) ئۆزبېكلىرىگە قارشى بىرلەشمە سەپكە قاتنىشىش ئۈچۈن مۇھەممەد بابۇر كابۇل دىيارىدىن خۇراسان تەرەپلەرگە كەلگەنىدى. ئارىلىقتا بىر، ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپ، شەيبانىخان ئۆزبېكلىرى خۇراساننىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان بەلخ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بەلخنىڭ ئەمىرى سۇلتان قۇلچاقنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شاھزادە - مىرزىلار (سۇلتان ھۈسەين مىرزىنىڭ ئوغلانلىرى) خۇراساننىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان شەھەر، ۋىلايەتلىرىدىن چېرىك تارتىپ كېلىشمەكتە ئىدى. مۇھەممەد

بابۇرمۇ ئۆز چېرىكلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ مۇرغاپ دېگەن يەردە شاھزادە ـ مىرزىلار بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا ئۇچراشتى. ئىراق بۇ ئاتىسىز، باشباشتاق چېرىك تارتىپ جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ ئۆزئارا كېڭەش قىلىپ بىرلىككە كەلگىچە ئارىدىن 3 ـ 4 ئاي ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا شەيبانىي چېرىكلىرى ئالللىقاچان بەلخ شەھىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز ئىشغالىيەت مۇداپىئە رايونلىرىغا كەتكەنىدى. «شەيبانىخان قايتقانلىقى ۋە يىلمۇ خېلى ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قىشتا شاھزادىلەرنىڭ ھەرقايسىسى مۇناسىپ بىر جايدا قىشلاپ، ئەتىياز كېلىشكە بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىش قارار قىلىندى.»(14) مۇرغاپ بىلەن كابۇلنىڭ ئارىلىقى يىراق ھەم ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن، شاھزادە بەدىئۇززامان مۇھەممەد بابۇرنى ئەزىز مېھمان ۋە كۈچلۈك ياردەمچى قاتارىدا كۆرۈپ، ھىرات شەھىرىدە قىشلاپ قېلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت بابۇر ئۆز چېرىكلىرىنى باشلاپ ھىرات شەھىرىگە بېرىپ قىشلاپ قالدى. ھىرات ئوتتۇرا ـ جەنۇبىي ئاسىيادا قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار ئىدى، ئەلىشىر نەۋائىيمۇ ھىراتتا ياشىغان ھەم شۇ يەردە پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد بابۇر بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلىشقا بەكمۇ قىزىققاتتى، شاھزادە ـ مىرزىلار مۇھەممەد بابۇرنى ھىراتنىڭ ئاتاقلىق باغلىرىدىن «باغى نەۋ» قورۇسىدا تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما قىش پەسلى بولغانلىقتىن، «باغى نەۋ» تازا مۇۋاپىق كۆرۈلمەي، ئەلىشىر

نـەۋائىيـنـىڭ قوروۋسـغا ئوروۋنلاشـتۇرۇلدى. بـۇ بـابۇر ئۇچـۇن تـازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى.
چۈنكى ھاياتلىقىدا ئۆزىنى كۆرەلمىگەن پېشقەدەم ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ قەدەم جايىنى تاۋاپ قىلىش ياش شائىر بابۇرنىڭ ئارزۇسى ئىدى. بابۇر بۇ جايدا 20 كۈندىن ئارتۇق تۇردى. بۇ مىلادىيە 1507 ـ يىل 1 ـ ئاي قىش پەسلى بولۇپ نەۋائىي ۋاپات بولغانلىقىغا ئالتە يىل بولغانىدى. نەۋائىينىڭ قوروۋسى خاس مۇلازىملار تەرىپىدىن خۇددى ئاسار ئەتىقە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراپ قوغدالغاندەك مۇھاپىزەت قىلىنغانىدى. مۇھەممەد بابۇر ئۇ يەردە نەۋائىينىڭ بارلىق ئۆيلىرىنى، ئاشخانا، مېھمانخانا، كۇتۇپخانا، ھويلا ـ ئارامىلىرىنى كۆرۈپ ۋە ئۇ يەردە تۇرۇپ، گويا ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن بىللە تۇرغاندەك، شېئىرىيەت ئىلمى، مۇزىكا، رەسسامچىلىق، خەتتاتلىق سەنئەتلىرى ۋە دۆلەت باشقۇرۇش ئىلىملىرىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ قىزغىن سۆھبەتلەردە بولغاندەك ھېسسىياتلاردا بولدى؛ ... ھەرخىل كۆن ـ خۇرۇملاردا سۇپەتلىك مۇقاۋىلىنىپ ئالتۇن ھەل بىلەن ئىسمى يېزىلغان كىتابلار بىلەن چوڭ ـ كىچىك دۇۋەت ـ قەلەملەر كۇتۇپخانىدا تېخى ھېلىلا قويۇپ قويغاندەك پاكىز تۇراتتى.
مۇھەممەد بابۇر بۇ زىيارەتتىن ئالغان تەسىراتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بۇ 20 كۈن ئىچىدە مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن يالغۇز ھۇسەين مىرزا (بايقارا) خانىقاسىدىن باشقا كۆرمىگەن يېرىم قالمىدى دېيىشكە بولىدۇ. گازۇرگاھ، ئەلىشىر بەگنىڭ باغچىسى، ... تەختى نەۋائىي، ...شەيخ زەينىددىن ۋە مەۋلانا ئابدۇراھمان جامىينىڭ مازار ۋە مەقبەرىلىرى، ... مۇقەۋۋىخانە، ... ئەلىشىر

بەگنىڭ ئۇنسىيە نامىلىق ئۆيلىرى، مەقبەرىسى، ... سەفائىيە ۋە شىفائىيە نامىلىق ھاممام ۋە شىپاخانىسى ھەممىسىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئارىلاپ چىقتىم.» (15)

بۇ زىيارەت ۋە كۆزىتىش مۇھەممەد بابۇردا ئەلىشىر نەۋائىيغا نىسبەتەن تېخىمۇ يارقىن ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزغان، گەرچە نەۋائىينىڭ ئائىلە - پەرزەنتلىرى بولمىسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەۋائىينىڭ خىزمىتىنى قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولغان كىشىلەرگە ياردەمدە بولغان.

مۇھەممەد بابۇر ئۆز خاتىرىسىگە يەنە، ھىجرىيە 925 - يىل (1519 - يىل) زۇلھەججە ئېيى «ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى جۈمە كۈنى ئەلىشىر بەگنىڭ تۆت دىۋانىدىن بەھر ۋەزىنلەر بويىچە تاللىنىۋاتقان غەزەل ۋە بېيىتلار تاماملاندى.» (16) دەپ يازغانىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا مۇھەممەد بابۇر يەنە ئوردا كۇتۇپخانىسىدا نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما توپلام تۈزگەنلىكى مەلۇمدۇر.

ھىجرىيە 935 - يىل (مىلادىيە 1529- يىل) رامىزاننىڭ 4 - كۈنى نەۋائىينىڭ كاتىپ ۋە مۇلازىملىرىدىن خانىدەمىر مۇئەررىخ (17)، مەۋلانا شەھاب مۇئەممای ۋە مىرئىبراھىم قۇنۇنىلار ھىرات شەھرىدىن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ھىندىستانغا بېرىپ، ئەگرە شەھرىدە شاھىنشاھ مۇھەممەد بابۇر ئالىيلىرىنى زىيارەت قىلغانىدى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز مۇھەممەد بابۇر توغرىسىدىمۇ تولۇق ۋە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. ئۇنىڭ بىلىمى، نەزەر دائىرىسى، تەنقىد كۆزقارىشى ۋە تەپەككۇرىنىڭ كەڭ ۋە

چوڭقۇرلۇقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزىمىز. يەنە مۇھەممەد بابۇرنى ھازىرقى نەۋائىيشۇناسلارغا يول ئاچقان، ئەينى دەۋردىكى تۇنجى نەۋائىيشۇناس دېيىشكىمۇ ھەقلىقمىز.

«ئەلىشىر نەۋائىي مىسلىسىز ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن تۈرك ئەدەبىياتىنى يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرگەن»(18) تەڭداشسىز ئەدىب بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى جاھان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەزىنىسىدە ئۆچمەس مەشئەلدەك پارلاپ تۇرىدۇ.

ئىزاھاتلار:

(1) ئەلىشىر نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» 44 ـ بەت.

(2) مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» 306 ـ بەت.

(3) ئەلىشىر نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن».

(4) «بابۇرنامە» كىتابىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن 728 ـ بەت.

(5) زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر (1483 – 1530) ھىندىستاندا بۈيۈك تۈرك ـ موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچى شاھىنشاھ ۋە تالانتلىق ئەدىبتۇر.

(6) «بابۇرنامە» 319 ـ بەت.

(7) (8) «بابۇرنامە» 319 ـ، 320 ـ بەتلەر.

(9) موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسقىييۇن» ناملىق كىتابىدا نەۋائىي توغرىسىدا مۇنداق يازغان «ھەر كېچە ـ ھەر كېچە سەتار، تەمبۇرلارنى چېلىپ، ئۆزلەرى ئېيتقان غەزەللەر بىلەن ھەمىد ئايتىپ بىھۇش بولۇر ئىردىلەر، نەۋا دېگەن بىر مۇقامنى

ئىختىرا قىلىپ ئالەمگە شايىد بولدىلەر». 31 ـ بەت.

(10) (11) «بابۇرنامە» 338 ـ، 319 ـ، 320 ـ بەتلەر.

(12) ئىمىن تۇرسۇن «نەۋائىي ھەققىدە» 331 ـ نەت.

(13) شەيبانى — مۇھەممەد شەيبانىخان (1451 ـ 1510) ئۆزبېك شەيبانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى.

(14) «بابۇرنامە» 354 ـ بەت.

(15) «بابۇرنامە» 359 ـ، 360 ـ بەتلەر.

(16) «بابۇرنامە» 472 ـ بەت.

(17) خاندەمىر — نەۋائىينىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن ئاتاقلىق كاتىب ۋە خەتتات. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى غىياسىددىن ئىبنى ھۇمامۇددىن مۇھەممەد ئىبنى خوجا جالالىددىن مۇھەممەد ئىبنى خوجا بۇرھانىددىن (1475 ـ 1534). مەۋلانا شەھاب ۋە مىر ئىبراھىملار نەۋائىي دەۋرىدىكى ياش شائىرلاردۇر.

(18) ئەزىز قەيىموف «ئەلىشىر نەۋائىي» دىن.

# «بابۇرنامە» توغرىسىدا[1]

(«بابۇرنامە» يېزىلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)
گ. ن. پانت

## تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ نادىر يادىكارلىقى

«بابۇرنامە» ھىندىستاندا بۈيۈك بابۇرىيلەر سەلتەنىتىگە ئاساس سالغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تەرجىمىھالى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەللىپ ئاددىي ۋە جانلىق تىل بىلەن ئۆزىنىڭ يول قويغان خاتالىقلىرى، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يۈكسەك ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ۋە چۈشكۈن ھالەتلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ قىممىتى جەھەتتىن ئەۋلىيا ئاۋگوستىنو ۋە روسسونىڭ كەشپىياتلىرى، گىببون ۋە نيۇتوننىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدۇ. مەزكۇر كىتاب پۈتكۈل ھاياتى داۋامىدا كۆپلىگەن يۈكسىلىشلەر ۋە چۈشكۈنلۈكلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىر شەخسنىڭ ئىبرەتلىك تارىخىدۇر. ئۇنىڭدىكى يۈكسىلىشلەر قانچىكى يۇقىرى بولسا،

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى.

چۈشكۈنلۈكلەرمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇردۇر.

## تەرجىمىھال توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

بابۇر 47 يىل 10 ئاي ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق يېتىپ كەلگەن بۇ قىممەتلىك ئەسەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن پەقەت 18 يىلنىلا ئاساس قىلىدۇ. كىتاب بابۇرنىڭ ئۆز قولى بىلەن تۈركىي تىلىدا يېزىلغان. ساقلىنىپ قالغان نۇسخىدىكى تەپسىلات مۇئەللىپنىڭ 12 ياش چېغىدىن باشلانغان. ئۇنىڭدا يا ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يىلى، يا ئاتا ـ ئانىسى، ياكى ئائىلىدىكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەر ھەققىدە ھېچ نەرسە تىلغا ئېلىنمايدۇ. ھەتتاكى بابۇرنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى ئۈچۈن قانداق ماۋزۇ تاللىغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس. تېمۇرىيلەر ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى «زەفەرنامە»، «ھۇمايۇننامە»، «ئەكبەرنامە» ۋە باشقا ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلىنغان ھالدا «بابۇرنامە» دەپ ئاتالغان. تەپسىلاتلاردىكى ئايرىم كەمچىل جايلارنىڭ بىر قىسمى بابۇر ھايات چېغىدا ئۇنىڭ كاتىپى زەيىنىددىن سەۋافى پارس تىلىدا يازغان «تەبەقاتى بابۇري» دىن ئېلىنغان. يەنە بىر قىسمى بابۇرنىڭ قىزى گۈلبەدەن بېگىم 1587 ـ يىلى، يەنى ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن 50 يىل كېيىن يازغان ئائىلە شەجەرىسى ھېسابىدىكى ئەسەر «ھۇمايۇننامە» نىڭ ياردىمىدە تولدۇرۇلغان.

كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقالغان. بابۇرنىڭ يېزىشىچە 1529 ـ يىلى ئۇنىڭ چېدىرىغا ئوت كەتكەن ۋە ئوتتا بىر قىسىم جايلىرى كۆيۈپ كەتكەن. بىراق ئۇ كېيىنچە قايتا تولۇقلانغان.

1555 - يىلى ھۇمايۇن دادىسىنىڭ ئەسەرلىرىگە شەرھلەر يازغان ئەكبەر كىتابنى پارس تىلغا تەرجىمە قىلىنسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈرگەن. چۈنكى ئەبۇل فەزلى «ئەكبەرنامە» نى يېزىشتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. تەرجىمان ئابدۇرەھىم خانخان يەڭ شىمايلاپ ئىشقا چۈشۈپ 1589 - يىلى كۈزدە (نويابىردا) تەرجىمىنى تۈگىتىدۇ. جاھانگىر ئۆز تەرجىمھالىدا 1607 - يىلى بابۇرنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن يېزىلغان (يەنى تۈركىي تىلىدا يېزىلغان) «بابۇرنامە» نى ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى قولىيازمىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى نۇسخىسى ھەققىدە ھېچنەرسە مەلۇم ئەمەس. 1813 - يىلى ئېرىسكىن «بابۇرنامە» نىڭ پارسچە نۇسخىسىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ ۋە كىتاب «بابۇر يادنامىلىرى» دېگەن نام بىلەن 1826 - يىلى نەشر قىلىنىدۇ. 1900 - يىلى ئاننېت.س. بېۋىج «بابۇرنامە» نىڭ تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسىنى تېپىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. بىراق قولىيازمىنىڭ قەغىزى تەكشۈرۈپ كۆرۈلگەندىن كېيىن، مەزكۇر نۇسخىنىڭ تەخمىنەن 1700 - يىللاردىكى كۆچۈرمە نۇسخا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. «بابۇرنامە» نىڭ بارلىق قولىيازمىلىرى ئىچىدە ئەڭ تولۇق ھېسابلانغان بۇ نۇسخا (ھازىر ئۇ ھەيدەر ئابادتىكى «سالەر جەڭ مۇزېيى» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا) جەمئىي 382 ۋاراق. 1905 - يىلى ئۇنىڭدىن 100 فاكسىمىل نۇسخا ئېلىنغانىدى. بېۋېرىخ ئۇنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «بابۇرنامە» سەرلەۋھىسى ئاستىدا 1921 - يىلى نەشر قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئەسەر كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ مۈلكى بولۇپ قالدى.

# «بابۇرنامە» نىڭ سۈرەتلىرى

«بابۇرنامە» نىڭ ئەكبەرنىڭ سارىيىدا بېزىتىلگەن بىر قانچە نۇسخىلىرى ئىچىدىن بىزگە پەقەت بەش نۇسخىسىلا مەلۇم. ئۇلار يېڭى دېھلىدىكى مىللىي مۇزېيدا، لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا، ۋىكتورىيە مۇزېيى ۋە ئالبېرت مۇزېيىدا، موسكۋادىكى شەرق خەلقلىرىنىڭ دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. كېيىنكى ئۈچ نۇسخا تولۇق ئەمەس. ئۇۋچىنىڭ قۇش ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن سۈرەت فوگگنىنىڭ بوستون سەنئەت مۇزېيىدا (ئامېرىكىدا) ساقلىنىۋاتىدۇ. يېڭى دېھلىدىكى مىللىي مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان، تېخى چاپ ئېتىلمىگەن قوليازما 378 ۋاراقتىن ئىبارەت بولۇپ، تۈپلەنمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈتۈپخانىنىڭ تامغىسى بېسىلمىغان. ئۇنىڭدا جەمئىي 145 پارچە سۈرەت بار. بۇلاردىن 54 پارچە سۈرەتنىڭ تېگىدە جەمئىي 40 نەپەر رەسسامنىڭ ئىمزاسى بار. 55 پارچە سۈرەتتە ئىزاھ ياكى تەپسىلاتلار بايانى بار، قالغانلىرىدىكى بۇنداق تەپسىلاتلارنى ئوقۇش قىيىن ياكى كېسىلگەندە قىسمەن بۇزۇلغان. 116 - ۋاراقتا ئېيتىلىشىچە ئۇنىڭدىكى سۈرەت ئەكبەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 42 - يىلى، يەنى 1598 - يىلى سىزىلىپ تامام بولغان. قوليازمىدا سۈرەتلەرنىڭ 18 پارچىسى رەڭلىك، قالغانلىرى ئاق - قارا رەڭدە سىزىلغان. تەسۋىرلەرنىڭ ھاشىيەلىرى مۇمكىنقەدەر زىچ كېسىلگەن. رەسسامنىڭ ئىسمى - شەرىپى يېزىلمىغان. ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ بەش نۇسخىدىكى رەسىملەر 1598 - يىلى

ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىزىلغان. «بابۇرنامە» گە تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن مەشھۇر رەسساملار ئىچىدىن دەۋلەت، كىسۇ، ھەمكاران، فەررۇقاران، فەررۇخ، جەگەننەتھ، مانۇھەر، مەسۇر، مىسكىن، مەدىش، سەنۋلە، شەنكەرلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇلاردىن كۆپ ساندىكىلىرى كېيىنچە مەشھۇر رەسسام بولۇپ يېتىشكەن.

## بابۇر ھاياتىنىڭ كېيىنكى چاغلىرى

بابۇر ئاتا تەرەپتىن ئەمىر تېمۇرنىڭ، ئانا تەرەپتىن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تومۇرىدا مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى بۈيۈك ئىستېلاچىنىڭ قېنى ئاققان. بابۇر 1483 ـ يىل 14 ـ فېۋرالدا، ئاتىسى ئۆمەر شەيخ ھۆكۈمرانلىق قىلغان پەرغانىدە تۇغۇلدى. ئاتىسى قازا قىلغان چاغدا بابۇر بار ـ يوقى 11 ياشقا كىرىپ تۆت ئاي ئۆتكەندى. بۇ ھەقتە «بابۇرنامە» نىڭ دەسلەپكى قۇرلىرى مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ: ‹سەرۋەرى كائىناتنىڭ شاپائىتى ۋە چاھار يارى باسەپالارنىڭ ھىممىتى بىلەن سەيشەنبە كۈنى رامزان ئېيىنىڭ بېشىدا تارىخ سەككىز يۈز توقسان توققۇزدا (يەنى مىلادىيە 1494 ـ يىلى ئىيۇندا) پەرغانە ۋىلايىتىدە ئون ئىككى ياشتا پادىشاھ بولدۇم.»

بابۇر ياشلىق چاغلىرىدىلا كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە دىشۋارچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس مۈلكى ھېسابلىنىدىغان سەمەرقەندنى ئىككى قېتىم ئۆزىگە بويسۇندۇردى ۋە ئىككى قېتىم قولدىن بېرىپ قويدى.

يېشى راسا 21 گە توشقاندا، يەنى ئاردا مۇۋەپپەقىيەتسىز 10 يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاتا يۇرتىنى تاشلىدى ـ دە، ھىندىقۇشتىن ئۆتۈپ كابۇلنى ئىشغال قىلدى. 1511 ـ يىلى بابۇر سەمەرقەندنى قايتۇرۇۋېلىشقا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. بۇ قېتىم غەلىبە پەيزىنى سۈرگەن بولسىمۇ، بىر يىلدىن كېيىنلا سەمەرقەند يەنە قولدىن كەتتى. بابۇر شۇ تەرىقىدە سەمەرقەندنى ئۈچ قېتىم ئېلىپ، ئۈچ قېتىم قولدىن بېرىپ قويدى.

## ھىندىستان پەتھى

بابۇر سەمەرقەندنى ئېلىشتىن كۆڭلى سوۋۇغاندىن كېيىن، چۆچەكلەردىكىدەك بايلىقلارغا تولۇپ تاشقان ھىندىستاننى ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ ھىندى دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ پەنجاپقا تۆت قېتىم يۈرۈش قىلىدۇ. شۇ چاغدا ھىندىستاندىكى شەرت ـ شارائىتلار بابۇر ئۈچۈن ناھايىتى قۇلاي ئىدى. دېھلى ھۆكۈمدارى سۇلتان ئىبراھىم لۇدىي ئۆزىنىڭ قاتتىق قوللۇقى بىلەن ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە قارشى قىلىۋالغانىدى. نەتىجىدە ئۇلار قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يېيىغا چۈشكەن. پەنجاپنىڭ قۇدرەتلىك ھاكىمى دەۋلەتخان لۇدىي ۋە سۇلتاننىڭ نەۋرە تۇغقىنى ئەلەمخانلارنىڭ تەكلىپى بىلەن، بابۇر 1525 ـ يىلى ھىندىستانغا بەشىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ساتقىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بابۇر ئالدى بىلەن شۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەۋلەتخان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ (كۆپ ئۆتمەي ئۆلىدۇ).

پەنجاپ بابۇر ئۇچۇن قولاي ئولجىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دېھلىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بابۇر تۆت قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن پۈتۈن ھىندىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. بابۇرنىڭ ئىبراھىم لۇدىي بىلەن ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق جېڭى ھەريانەدىكى پەنپەت شەھىرى ئەتراپىدا 1526 - يىل 21 - ئاپرېلدا يۈز بېرىدۇ. ئىبراھىم جەڭگە 100 مىڭ ئەسكىرى ۋە سانسىزلىغان پىللىرىنى قاتناشتۇرىدۇ. بابۇرنىڭ قوشۇنلىرى سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز (12 مىڭ) ئىدى. بىراق ئۇلار جەڭلەردە چېنىققان ۋە ھەربىي بىلىمنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بابۇر تەجرىبىلىك سەركەردە بولۇپ، شۇ چاغلاردا ھىندىلار ئۇچۇن يېڭى قورال ھېسابلىنىدىغان ئاجايىپ زەمبىرەكلەرگىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ داڭقى چىققان ئىككى قوماندانى ئۇستا ئەلى بىلەن مۇستاپا توپچىلارغا باشچىلىق قىلاتتى. ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ 15 مىڭ ھىندى جەڭچىسى ئاشۇ جەڭدە ھالاك بولدى. بابۇر تولۇق غەلىبە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بابۇرنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن ئەھمىيىتى جەھەتتىن سەلتەنەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەگرە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ يەردە ئۇ پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە، جۈملىدىن جاھاندا يېگانىلىقى بىلەن ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن مەشھۇر «كوھى نۇر» ناملىق ئالماسنى قولغا چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ بابۇر ھىندىستاننىڭ شاھىنشاھى ۋە بۈيۈك بابۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ غەلىبە شەرىپى ئۇچۇن ھەربىر ئەركەك ۋە ھەربىر ئايالغا بىردىن كۈمۈش تەڭگە تارقىتىپ بېرىلسۇن، دەپ كابۇلغا ئادەم ئەۋەتتى.

1527 - يىلى بابۇرنىڭ راجپۇت ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىشىشىغا توغرا كەلدى. راجپۇت ئەسكەرلىرىگە راجەستھانىنىڭ جەسۇر ھاكىمى، «يۈز جەڭ قەھرىمانى» مەشھۇر ران سىنگھ (رانا سانگا) باشچىلىق قىلاتتى. پاتېھپۇر سىكرى يېنىدىكى جانىيە ئالدىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قاتتىق جەڭ باشلاندى. راننىڭ ئاجايىپ كاتتا قوشۇنىنى كۆرۈپ، بابۇر ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىراق بابۇر ئۆز جەڭچىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ: «تىز پۈكۈپ ياشىغاندىن كۆرە، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ئەۋزەل» دېگەن مەزمۇندىكى نۇتقى بىلەن ئۇلارنى روھلاندۇردى. ئۇ قەدەھلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي چېقىپ تاشلىدى - دە، بۇنىڭدىن كېيىن مەي ئىچمەسلىككە ۋەدە بەردى (ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ بۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان). شۇنىڭدىن كېيىن بابۇر ئەسكەرلىرى جەڭگە شىردەك ئاتلاندى. توپ ۋە زەمبىرەك كۆپ ئۇنۇم بەردى. نەتىجىدە ئۇ بۇ قېتىم راننىڭ قوشۇنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىدى. راجپۇتلار ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى ۋە ناھايىتى كۆپلىرى جەڭ مەيداندا ھالاك بولدى. ران قاچتى ۋە بۇ تۈپەيلى غەم - ھەسرەتلەر ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا بابۇرنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈل - كېسىل مۇستەھكەملەنگەنىدى. 1528 - يىلى ئۇ مالۋەدىكى مەشھۇر چەندىرى راجپۇتلار قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. قەلئە ھىمايىچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ يول باشچىسى مىدنى رايىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. 1529 - يىلى بابۇر بىھارغا قاراپ يۈرۈشنى داۋام قىلدى. بۇ يەردە ھېلىمۇ ئافغانلار ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ،

ئۇلارغا ئىبراھىم لودىينىڭ ئاكىسى مەھمۇد لودىي ھاكىم ئىدى. ھەگەرە دەرياسىنىڭ ساھىلىغا جايلاشقان پەتنە شەھىرى ئەتراپىدىكى جەڭدە ئافغانلار يېڭىلدى، بابۇر ھىندىستاننىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى.

## بابۇرنىڭ شەخسىي پەزىلەتلىرى

بابۇر — شىر دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «بابۇر» لەقىمىنى ئالغان بۇ كىشىمۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئادەم ئىدى. كېلىشكەن قەددى- قامىتى ۋە ناھايىتى كۈچلۈكلۈكىدىن تاشقىرى، يۈرەكلىك، ئەپچىللىك، چاققانلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. ئۇ قىينچىلىقلارغا پىسەنت قىلمايتتى. بولۇپمۇ ئوۋچىلىقتا باتۇر ئاتالغانىدى. ئۇ كۆپىنچە بەستلىك ئىككى ئادەمنى قولتۇقلىۋېلىپ ئەگەرە قەلئەسىنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ مەشىق قىلغان. ئۇ سۇ ئۈزۈشكىمۇ ئاجايىپ ماھىر بولغان. ئۇ بۈيۈك گانگ دەرياسىدىن باشقا، يولدا ئۇچرىغانلىكى دەريالارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ يېقىملىق تىل، ئاھاڭدار ۋەزىن بىلەن يېزىلغان تەرجىمىھالى («بابۇرنامە») نى ئوقۇغىنىمىزدا ئاپتورنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقى، ئەقىل - پاراستى ۋە بىلىمىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىغا گۇۋاھ بولۇپ قالىسىز. بابۇر تەبىئەتنى ۋە بەزمە - مەشرەپنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ تاغلار، ئېدىرلار، باغلار، يايلاقلارنى كۆرگەندە زوق - شوققا تولۇپ، ئىلھامى قايناپ، خۇددى بۇلبۇلگويىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

ئۇ ئىمانى كامىل مۇسۇلمان ئىدى. لېكىن مۇتەئەسسىپ بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغان. بابۇر سۆزگە باي ناتىق، ئىستېداتلىق سەركەردە، ئار - نومۇسى كۈچلۈك شەخس بولسىمۇ دۆلەت ئەربابى بولۇشتا تازا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلمىگەن. ئۇ ئۆز غەلىبىلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالمىغان. مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى ياخشى يولغا قويالمىغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان مەھكىمە بولمىغان ۋە مۇستەھكەم قانۇنلار يولغا قويۇلمىغان. بابۇرنىڭ كۆپلىگەن ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى چىقماي قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى ھۇمايۇن كېيىنچە بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان.

## بابۇرنىڭ خوتۇنلىرى ۋە پەرزەنتلىرى

بابۇر ئۆزىنىڭ بىر قانچە خوتۇنلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىتىپلا ئۆتكەن. بىراق ئۇنىڭ قىزى گۈلبەدەن بېگىم بابۇرنىڭ بارلىق خوتۇنلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمىنى ساناپ چىقىدۇ. بابۇر بەش ياشقا كىرگەن چاغدا ئايشە سۇلتان بېگىم بىلەن چېتىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان پەخرۇننىسا ئىسىملىك قىزى بىر ئايلىق بولغاندا مەجرۇھ بولۇپ قالىدۇ. 1504 - يىلى بابۇر زەينەپ بېگىمگە ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇچ پەرزەنتلىك بولغاندا زەينەپ بېگىم دۇنيادىن ئۆتىدۇ. بابۇر 1506 - يىلى ماھىم بېگىمگە ئۆيلىنىدۇ. ئۇ بۇ خوتۇنىدىن بەش پەرزەنت كۆرىدۇ. بۇلاردىن تۆتى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەشىنچىسى ھۇمايۇن بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا تەخت ۋارىسى بولىدۇ. بابۇر

1507 ـ يىلـى مەسـۇمە بېگىمگـە ئـۆيلـىنىدۇ. ئۇنىڭدىـن بـەش پەرزەنت كـۆرىدۇ. بۇلاردىـن ئۇچى كىچىك ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. كـامران بىلـەن ئەسقەرىي كېيىـن ئۆگـەي ئـاكىلىرى ۋە ھـۆكۈمدار ھۇمـايۇن تەرىپىـدىن قـەتلى قىلىـنىدۇ. بـابۇر دىلـدار بېگـىم ئىسـىملىك خوتۇنىدىـن ئىككـى ئوغـۇل، تـۆت قـىز كـۆرىدۇ. ئوغۇللىرىدىن ھىندال ھۇمايۇن بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولىدۇ. ئەلۋار بولسا، بالا چېغىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. قىزلىرىنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە: گۇلرۇخ، گۇلرەڭ، گۇلچېھرە ۋە گۇلبەدەن (بۇ قىزى «ھۇمايۇننامە» نىڭ ئاپتورى).

## بابۇرنىڭ ئۆلۈمى

«بابۇرنامە» دە مۇھەررەم ئېيىنىڭ 3 ـ كۈنى (1529 ـ يىل 7ـ سېنتەبىر) دىن پېشۋاسى شەيخ مۇھەممەد غەۋسىنىڭ ئەگرەگە، بابۇرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تەپسىلاتلار بىراقلا توختايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كېيىنكى 15 ئېيى توغرىسىدا «ھۇمايۇننامە» دىن قىسمەن تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بولۇش مۇمكىن. 1530 ـ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا بابۇر لاھوردا بولىدۇ. قايتىشىدا دېھلىنىڭ ئەتراپىدا شىكار باھانىسى بىلەن ئىككى ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. ئاۋغۇست ئېيىدا ئەگرەگە قايتىپ كەلگەندە، تەخت ۋارىسى ھۇمايۇننىڭ سەمبەھەلدە ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ. ھۇمايۇننى دەريا بىلەن ئەگرەگە ئېلىپ كېلىدۇ. بابۇر تېۋىپلارنىڭ داۋالاشلىرى كار

قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ھۇمايۇننىڭ ئورنىغا مېنىڭ جېنىمنى ئال» دەپ تەڭرىگە چىن قەلبىدىن مۇناجات قىلىدۇ. يېقىنلىرىنىڭ «كوھى نۇر» ناملىق ئالماسنى تەڭرى يولىدا سەدىقە قىلىش ھەققىدىكى مەسلىھەتلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ھۇمايۇن ياتقان تەختىراۋاننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ: «مەنكى بابۇر جىسمۇ جانىمنى ھۇمايۇنغا بەخشەندە قىلدىم» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. گۇلبەدەن بېگىمنىڭ يېزىشىچە، شۇ كۈندىن تارتىپ ھۇمايۇننىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلاپ، بابۇرنىڭ مىجەزى بۇزۇلىدۇ. بابۇر شۇ ياتقىنىچە ئىككى ئاي ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ۋە 1530 - يىل 26 - دېكابىردا 48 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. دەسلەپتە ئۇنىڭ جەستى ئەگرەگە دەپنە قىلىنىدۇ. كېيىن كابۇلغا كۆچۈرۈلۈپ، دەريا بويىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر گۈزەل باغنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنىدۇ.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بابۇر شۇنچە كۆپ جەڭلەر، يۈرۈشلەر، بەزمىلەر ۋە بابۇرىيلەر سەلتەنىتى ھەققىدىكى بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن سىرت، يەنە ئۆز خاتىرىلىرىنى يېزىشقا ۋاقىت تاپالىغان. ھىندىستان تارىخىدا ئۇنىڭ قۇتلۇق خىزمەتلىرى ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر. ئەمما سالنامىچىلىك ساھەسىدىكى خىزمىتى بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ بۈيۈك. «بابۇرنامە» ئاجايىپ ئەدەبىي تەسۋىرىي سەنئەت ئەسىرىدۇر. تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدىكى قىممىتى تەڭداشسىزدۇر. ئەمىر تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالى كەشپىيات بولسا، بابۇرنىڭ تەرجىمىھالى بۇ كەشپىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر.

# دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر ــــ «بابۇرنامە»[1]

خەمىت تۆمۈر

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1530–1483) نىڭ چاغاتاي تىلى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسلىمىسى ئۆزىنىڭ زور ئىلمىي قىممىتى بىلەن دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئەسەرگە بېرىلگەن «بابۇرنامە» دېگەن بۇ نام ئەسەرنىڭ «ۋاقىئەنامە»، «تۈزۈكى بابۇرى»، «ۋاقىئاتى بابۇرى» دېگەن ناملىرى بىلەن تەڭداش قوللىنىپ، كېيىن بىر قەدەر ئومۇملاشقان نامدۇر. بابۇرنىڭ ئۆزى بۇ ئەسەرنى «ۋەقايى» (ۋەقەلەر) دەپ ئاتىغان.

بابۇر ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سەئىد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرانشاھ مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئاقساق تۆمۈردۇر. بابۇر ئانا تەرەپتىن يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە مەشھۇر «تارىخىي رەشىدى» نىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ. چۈنكى، بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىم سۇلتان سەئىدخاننىڭ

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن ئېلىندى.

ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى خۇب نىگارخانىم ھەممىسى چاغاتاي ئەۋلادىدىن يۇنۇسخاننىڭ باللىرى ئىدى.

بابۇر 1494 ـ يىلى 12 ياش ۋاقتىدا ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تاسادىپىي ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن پەرغانە پادىشاھى بولىدۇ. بۇ، بىر تەرەپتىن تۆمۈر نەسلىدىن بولغان مىرزىلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان ۋىلايەتلەردە ئۆزلىرىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، ئۆزئارا زېمىن ۋە ھاكىمىيەت تالىشىش جېدەللىرىنى ئەۋجىگە چىقارغان، چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېك خانى شەيبانىخان كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ مىرزا ۋە خانلار قولىدىكى زېمىنلارغا چاڭ سېلىۋاتقان دەۋر ئىدى. ياش بابۇر تەختكە چىقىش بىلەنلا پەرغانە ۋىلايىتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. تۆمۈرىيە سۇلالىسىنىڭ پارچىلانغان دۆلىتىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلىغان ياش بابۇر يالغۇز پەرغانىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەنلا قالماستىن تۆمۈرىيە سۇلالىسىنىڭ قەدىمىي پايتەختى بولغان سەمەرقەندنى ئېلىش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ 1499 ـ يىلى بىر قېتىم، 1501 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى قېتىمدا پەرغانىدە ئىسيان يۈز بەرگەنلىك سەۋەبىدىن، ئىككىنچى قېتىمدا ياردەمسىز قېلىپ، شەيبانىخانغا تەڭ كېلەلمەي چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاخىردا، شەيبانىخاننىڭ ھۇجۇمى

تۆپەيلى ماۋەرائۇننەھردە پۇت دەسسەپ تۇرالماي، 1504 - يىلى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، كابۇل ۋە غەزنىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ كابۇل پادىشاھى بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۇردە شەيبانىخان بېسىۋالغان جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. بابۇر 1506 - يىلى خۇراسانغا بېرىپ ھىراتنى زىيارەت قىلىدۇ ۋە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىكتە شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ، لېكىن مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. ئۇ 1511 - يىلى ئىسمائىل شاھنىڭ ياردىمى بىلەن ھىسار، بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن شىئە مەزھىپىنىڭ داھىيسى ئىسمائىل شاھ بىلەن بىرلەشكەنلىكى، ھەتتا ئۇنىڭغا بېقىندى ھېسابتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاۋامنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئاخىر ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ 1519 - يىلى كابۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.

ھىندىقۇشنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈرىيلەر زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن بابۇر ئۆزىنىڭ كابۇلنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىدۇ ۋە 1519 - يىلىدىن باشلاپ بىر قانچە قېتىم چېرىك تارتىپ ھىندىستاننىڭ بەزى يەرلىرىنى ئىگىلەيدۇ. 1526 - يىلى بەشىنچى قېتىمدا 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سىند دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەنىپەتتە سۇلتان ئىبراھىم لۇدىينىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، دېھلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىدۇ. ئارقىدىنلا 1527 - يىلى مارتتا كانۋاھادا راناسەنگا باشچىلىقىدىكى راي ۋە راجەلەرنىڭ 100 مىڭ

كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ. 1528 - يىلى ۋە 1529 - يىللىرى يەنە بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ پۈتۈن شىمالىي ھىندىستاننى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ 1526 - يىلى دېھلى بىلەن ئەگرەنى ئىشغال قىلىپ ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇشى بىلەن ھىندىستاندا تاكى 1761 - يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرۈپ، تارىختا «ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالغان ئىمپېرىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىدۇ. بابۇر 1530 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھىندىستاندا ۋاپات بولىدۇ.

بابۇر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ 12 يېشىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك جەڭ ۋە ھەربىي يۈرۈش بىلەن ئۆتكەن مۇشۇ تىنىمسىز ۋە ئۆزگىرىشچان، بەزىدە ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزى داخىل بولغان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقەلەرنى، ھېس - تۇيغۇ ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ھەم كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ بايانلار بابۇردەك ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى كەچۈرگەن بىر مەشھۇر پادىشاھ ۋە ھەربىي قوماندان، شۇنداقلا يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر بىلىملىك بىر شەخسنىڭ بايانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسىي ۋەزىيىتى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ھەربىي تۈزۈملىرى، تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان مىرزىلارنىڭ، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلارنىڭ، ئۆزبېك خانى شەيبانىخاننىڭ، ھىندىستاندىكى پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتلىرى، بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەر ۋە جەڭلەردە تۇزۇلگەن سەپ، قوللىنىلغان تاكتىكا، ئىشلىتىلگەن قورال - ياراقلار ۋە باشقىلار توغرۇلۇق تەپسىلىي، مەزمۇنلۇق ھەم ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە قىلىدۇ. ئەسەردە شىنجاڭ تارىخى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەخسلەردىن يۇنۇسخان، سۇلتان سەئىدخان، مىرزا ھەيدەر، ئابابەكرى دوغلاق قاتارلىقلار توغرۇلۇق بېرىلگەن مەلۇماتلارمۇ ئاز ئەمەس.

بابۇر بۇ ئەسەردە يەنە ھەممىگە قىزىقىدىغان زېھنىلىك بىر سەيياھ ۋە ئەستايىدىل بىر ئالىم سۈپىتىدە پەرغانە، سەمەرقەند، ھىرات، كابۇل، غەزنە، ھىندىستان قاتارلىق ئۆزى تۇرغان ۋە بارغان جايلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىسى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقلىمى، ھايۋانات - ناباتلىرى، بايلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلىرى، گۈزەل يەرلىرى، مەشھۇر ئادەملىرى، خەلقنىڭ ئېتنىك تەركىبى، مەدەنىي ھاياتى، ئەنئەنىلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىن ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق بىلىملەرنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان ھىرات توغرۇلۇق كەڭ توختىلىپ، ھىراتتىكى ئىلىم - سەنئەت ئەھلىنى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى، ئەسەرلىرىنى، خىسلەتلىرىنى بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ، ئىشلىرىغا ۋە ئەسەرلىرىگە باھا بېرىدۇ. جۈملىدىن ئۆزى خەت يېزىشقان بولسىمۇ، لېكىن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينى زور ھۆرمەت بىلەن تەرىپلەپ، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەتلىرى، خىسلەتلىرى توغرۇلۇق مۇھىم مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، بابۇر ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنىمۇ يوشۇرۇپ قالمايدۇ. ئۆزىنىڭ بەك خۇنۇك ۋە چۈشكۈن تەرەپلىرىنى سۆزلەشتىنمۇ باش تارتمايدۇ. مۆرىتى كەلگەندە دۈشمەنلىرىنى ماختايدۇ، دوستلىرىنى، تۇغقانلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ قامچىلايدۇ. مانا بۇ نۇقتىلارنىڭ كىشىنىڭ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ چىنلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، بابۇر يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە بىلىمى كەڭ بىر ئالىم بولۇش بىلەن بىللە، ئاقساق تۆمۈر ۋە چىڭگىزخان سۇلالىلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دەستۇرلىرىغا سادىق بولغان بىر ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى ئەلۋەتتە شۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئودال ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ مەيدانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بابۇر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرىكىتىنى، جۈملىدىن ئەمىرگە بويسۇنمىغان ياكى سېلىق تۆلەشتە رايىش بولمىغان ئاھالە ۋە قەبىلىلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىقلىرىنى، ھەتتا ئادەم كاللىسىدىن مۇنارە تۇرغۇزۇشتەك ئىشلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەبىئىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قاتارىدا بايان قىلىدۇ، بەزىدە مۇنداق قىرغىنچىلىقلاردىن يىرگەنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە مۇنداق ئىشلارنى پادىشاھلار ئۈچۈن راۋا ھېسابلايدۇ. دېمەك، «بابۇرنامە» بابۇردىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ

شەخسىنى تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باھا بېرىشتىمۇ تېپىلغۇسىز بىر ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«بابۇرنامە» ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر بولۇش بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە شۇ دەۋر ئەسەرلىرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان ھەشەمەتلىك ئىبارە، تەكەللۇپلۇق تەسۋىر ۋە چۈشىنىش تەس بولغان ئېغىر جۈملىلەر كۆزگە چېلىقمايدۇ، بەلكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ دەل بابۇر تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇسلۇب ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى ھۇمايۇنغا يازغان بىر پارچە خېتىدە ئوغلىنىڭ خەتنى تەكەللۇپ بىلەن يازمەن دەپ مەنىنى چۈشىنىكسىز قىلىپ قويىدىغان ئادىتىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئۆزگىمۇ ھەم ئوقۇغۇچىغىمۇ جاپا سالماسلىق ئۈچۈن خەتنى ساددا سۆزلەر بىلەن يېزىشقا ئۈندەيدۇ.

«بابۇرنامە» چاغاتاي تىلى ئۇستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەسەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىلغا ئاساس بولغان جانلىق تىل ئامىللىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. باشقا مەنبەلەردىن ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان بۇ ماتېرىياللار چاغاتاي تىلىنىڭ ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، بابۇر بۇ ئەسەردە نەۋائىي ئەسەرلىرىدە قوللىنىلغان تىلنىڭ شۇ چاغدىكى ئەنجان ئاھالىسىنىڭ تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئوچۇق يازىدۇ. بۇ نۇقتا چاغاتاي ئەدەبىي

تىلىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇنىڭ قايسى تىل، قايسى دېئالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ئېنىقلاشتا تولىمۇ مۇھىم بىر يىپ ئۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«بابۇرنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق جايلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتىنى مول ھەم ئىشەنچلىك بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان تەڭداشسىز ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللىبۇرۇنلا دۇنيادىكى شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىشكەن. «تارىخىي رەشىدى» نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان رۇس ئالىم «بابۇرنامە» گە باھا بېرىپ، ئۇنى «ئاسىيادىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىردىنبىرى بولمىسىمۇ، ئەڭ ئېسىلى» دەپ تەرىپلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى شىرباك ئۇنى «ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرلىك ئەسەر» دەيدۇ. «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە ئۇنىڭغا «دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر» دېگەن باھا بېرىلىدۇ.

ھازىر «بابۇرنامە» تېكىستىنىڭ نەشر قىلىنغان ئىككى خىل نۇسخىسى بولۇپ، بىرى قازان نۇسخىسى، يەنە بىرى ھەيدەر ئاباد نۇسخىسى. قازان نۇسخىسىنى ن.ئىلمىنىسكى بۇخارادىن تېپىلغان بىر قوليازمىغا ئاساسەن 1857 ـ يىلى قازاندا نەشر قىلدۇرغان. ھەيدەر ئاباد نۇسخىسىنى ئەنگلىيىلىك ئا.بېۋېرىخ ھەيدەر ئابادتىن تېپىلغان بىر قوليازما بويىچە 1905 ـ يىلى لوندوندا سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەينەن نەشر قىلدۇرغان.

بۇ نۇسخا 382 ۋاراق (764 بەت) كېلىدۇ. ئا. بېۋېرىخ بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر قانچە قولىيازمىلىرى تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى بولسا بەكمۇ تولۇقسىز، يەنە بىرى بولسا بەكمۇ خاراب ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە تاشكەنتتە يۇقىرىدىكى ئىككى خىل نۇسخىسىغا ئاساسەن 1948 -، 1960 -، 1989 - يىللاردا يېڭى ئۆزبېك يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىمۇ بار.

ئەسەرنىڭ ھەرخىل تەرجىمىلىرىگە كەلسەك، بۇ ئەسەر ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە بىرمۇنچە زىننەتلىك، رەسىملىك نۇسخىلىرى چىقىرىلغان؛ 1826 - يىلى پارسچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىنگلىزچىگە، 1828 - يىلى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن گېرمانچىغا، 1871 - يىلى قازان نۇسخىسىغا ئاساسەن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان؛ 1921 - يىلى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىنغان ۋە 1922 - يىلى ئا.بېۋېرىخ تەرىپىدىن ھەيدەر ئاباد نۇسخىسى ئاساسىدا قايتا ئىشلىنىپ نەشر قىلدۇرۇلغان؛ 1940 - يىلى تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەخمەتى ئارات تەرىپىدىن ھەيدەر ئاباد نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغان ۋە 1987 - يىلى «ۋەقايى» دېگەن رەسمىي نام ھەم «بابۇر خاتىراتى» دېگەن قوشۇمچە نام بىلەن قايتا نەشر قىلىنغان؛ 1960 - يىلى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى پېقىر تەرىپىدىن ئىشلىنىپ نەشرگە

بېرىلدى، پات ئارىدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغۇسى.

شۇنىسى ناھايىتى ئېچىنارلىقكى، ئەسەردە يىل تەرتىپى بويىچە قىلىنىۋاتقان بايانلارنىڭ ھىجرىيە 908 ـ يىل ئاخىرغىچە ۋە ھىجرىيە 926 ـ يىل سەپەر ئېيىدىن 932 ـ يىل سەپەر ئېيىغىچە بولغان قىسىملىرى ئۆكسۈك ھالەتتە. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا، بابۇرنىڭ 36 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بۇ ئەسەرنىڭ 18 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقا دائىر قىسمى ئۆكسۈك بولغان بولىدۇ. بۇ ئۆكسۈك قىسىملار، بولۇپمۇ 914 ـ يىل بېشىدىن 924 ـ يىل ئاخىرىغىچە بولغان ئۆكسۈك قىسمى توغرۇلۇق تەتقىقاتچىلار ئىچىدە باشقىچە بەزى مۇلاھىزىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ دەسلەپكى قولىيازمىسىنىڭ تاسادىپىي بىر زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى قىسىملىرى يوقىلىپ كەتكەن، دېگەن پەرەز ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ ئۆكسۈك قىسمىغا دائىر ۋەقەلەرنى مۇشۇ ئەسەردىكى بەزى بايانلارغا ۋە «ھۇمايۇننامە»، «تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرگە ئاساسەن بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

# بابۇر رۇبائىيلىرى

ھەجرىڭ غەمىدىن ئاقىبەت ئۆلگۈم، قارا كۆز،
يۈز غۇسسەۋۇ ئەندۇھ ئىلە بارغۇم، قارا كۆز.
ۋەسلىڭ بىلە قىلمادىڭ ئىلاجىن، بابۇر،
مۇشكىلكى، فىراقىڭدە تىرىلگۈم، قەرا كۆز.

ھەممامكى، تا مەسكەنى جانانە ئىمىش،
ئاندا پەرىلەر ھۇسنىگە دىۋانە ئىمىش.
ئول خۇد پەرىدۇر بارچە مۇلازىملار ھەم،
ئەلقىسسەكى ھەممام پەرىخانە ئىمىش.

يا قەھرۇ غەزەب بىرلە مېنى تۇفراق قىل،
يا بەھرى ئىنايەتىڭدە مۇستەغرەق قىل.
يارەب، ساڭادۇر يۈزۈم قارا، خاھ ئاق قىل،
ھەر نەۋئى سېنىڭ رىزاڭ ئېرۇر، ئانداق قىل.

ئەھبابغە قىلساڭ گۇزەر، ئەي ئەل، ناگاھ،
ئول جەمئىنى بۇ سۆزۈمدىن ئەتكىل ئاگاھ.
سىز كۆرگەندەك ئېسەن ـ سەلامەتتۇر بىز،
سىز داغى ئېسەن بولغايسىز، ئىنشائاللاھ.

جانىمدە مېنىڭ ھەياتى جانىم سەنسەن.
جىسمىمدە مېنىڭ روھى رەۋانىم سەنسەن.
بابۇرنى سېنىڭدەك ئۆزگە يوق يارۇئەزىزى،
ئەلقىسسەكى، ئۇمرى جاۋىدانىم سەنسەن.

ئەي گۇل، نە ئۇچۇن قاشىڭدە مەن خار ئولدۇم،
يۈز مېھنەتۇ ئەندۇھ بىلە يار ئولدۇم.
ۋەسلىڭ بىلە بىسيار سەۋىندىم ئاۋۋال،
ھەجرىڭ بىلە ئاقىبەت گىرىفتار ئولدۇم.

مەن نىچە جەفاۋۇ جەۋرىگە سەبر ئېتەي،
بىر زەررە ۋەفاۋۇ مېھر يوق سەندە، نېتەي.
چۇن باشىم ئاياغىڭغە قويارغە ياراماس،
باشىمنى ئالىپ ئاياغ يېتگەنچە كېتەي.

ياد ئەتمەس ئىمىش كىشىنى غۇربەتتە كىشى،
شاد ئەتمەس ئىمىش كۆڭۈلنى مېھنەتتە كىشى.
كۆڭلۇم بۇ غەرىبلىقدە شاد ئولمادى، ئاھ،
غۇربەتتە سەۋىنمەس ئىمىش ئەلبەتتە كىشى.

كۆڭۈل تىلەگەن مۇرادىغە يەتسە كىشى،
يا بارچە مۇرادلارنى تەرك ئەتسە كىشى.

بۇ ئىككى ئىش مۇيەسسەر ئولماسە ئالەمدە،
باشىنى ئالىپ بىر سارىغە كەتسە كىشى.

ئەزم ئەيلە، سەبا، ئول گۇلى خەندانىمغە،
نې گۇلكى، قۇياشدەك ماھى تابانىمغە.
ئەتكىل دەغى ئىشتىياق ئىلە، بابۇردىن،
زىنھار دېگىل سەلام تۇغقانىمغە.

ئاۋۋارەلىق ئەسرۇ خانۇماندىن ياخشى،
بىر گۇشە ماڭا ئىككى جەھاندىن ياخشى.
ئاۋۋارەلىق بولۇشنى ياخشى ئېرمەس دېمەگىل،
بولسام ئەگەر ئەۋۋارە نې ئاندىن ياخشى.

رەفتارىيۇ قەددىغە رەۋانىم سەدەقە،
بىر باقىشىغە ئىككى جەھانىم سەدەقە.
ئاغزىيۇ بېلىگە بۇدۇ نابۇدىم سەرف،
كۆزىيۇ لەبىغە جىسمۇجانىم سەدەقە.

مەيخانەسى سارى گۇزەر، ئەي جان، قىلمە،
ئىشرەت ئۆيىنى كۇلبەئىي ئەھزان قىلمە.
زۇلفۇڭ كەبى كۆڭلۇمنى پەرىشان ئەيلەپ،
لەئلىڭ كەبى باغرىمنى تولە قان قىلمە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇ دەھر ئارا گەر ئىھتىمالى بولسا،
سەندەك ماڭا يارى لائۇبالى بولسا.
ئول يار بەسي نازۇكۇ يوق مەندە ئەدەپ،
مەندىن ني ئەجەب ئەگەر مەلالى بولسا.

بىقەيدمەنۇ خەرابى سىيىم ئېرمەسمەن،
ھەم مال يىغىشتۇرۇر لەئىم ئېرمەسمەن.
كابۇلدە ئىقامەت ئەتتى بابۇر دەرسىز،
ئانداق دېمەڭىزلەركى، مۇقىم ئېرمەسمەن.

زۇلفىغە كۆڭۈل قويۇپ پەرىشان بولدۇم،
كۆز ئالدۇرۇبان يۈزىگە ھەيران بولدۇم.
چىن دەي ساڭا، بابۇركى، ئاشىقلىقدە،
ھەر نېكى قىلىپ ئىدىم پۇشەيمان بولدۇم.

ئەھباب، يىغىلماقنى فەراغەت تۇتۇڭىز،
جەمئىيەتىڭىز بارىنى دۆلەت تۇتۇڭىز.
چۇن گەردىشى چەرخ بۇدۇرۇر، تەڭرى ئۈچۈن،
بىر - بىرىنى نېچە كۈنە غەنىمەت تۇتۇڭىز.

بىر زۇلفىدىن، ئەي كۆڭۈل، پەرىشان بولما،
بىر يۈزگە ھەم ئەسرۇ زارۇ ھەيران بولما.

مەن ساڭا دېمەنكى، تەركى ئىشق ئەت، لېكىن،
ئانداق قىلكىم، سوڭرە پۇشەيمان بولما.

ئەھبابغە ھەر خەتكى، سەۋاد ئەتگەيسەن،
بىزنى داغى ئول بىتىكدە ياد ئەتگەيسەن.
مەقسۇدكى، قاسىد ئەگەر كەلسە بۇ يان،
بىر نامە بىلە كۆڭۈلنى شاد ئەتگەيسەن.

كۆزۈم ئۆيى يۈزىدىن مۇسەۋۋەر بولدى،
بۇ ۋەجھ بىلە كۆڭۈل مۇنەۋۋەر بولدى.
يۈز شۈكركى، بابۇر كەبى ئاشىقلىقدە،
ھەر نېكى تىلەپ ئىدىم، مۇيەسسەر بولدى.

روھىم ياراتىپ ئىدىڭ لەتافەت بىرلە،
قىلدىڭ ئاڭا تەننى ھەمراھ ئافەت بىرلە.
روھىمنى چۇ تەن ئۆيىگە كەلتۈردۈڭ پاك،
مۇندىن بارى ئېلىتمە كەسافەت بىرلە.

غۇربەت تۇغى ياپقان رۇخى زەردىمنىمۇ دەي،
يا ھەجر چىقارغان ئاھى سەردىمنىمۇ دەي؟
ھالىڭ نە دۇرۇر بىلۇرمۇسەن دەردىمنى،
ھالىڭنى سورايمۇ، يوقسە دەردىڭنىمۇ دەي؟

بابۇرنى بۇرۇن مەھرەمى ئەسرار ئەتتىڭ،
ۋەسلىڭغە بېرىپ يول ئۆزۈڭە يار ئەتتىڭ.
ئاخىر باردىڭ، داغى ئانى زار ئەتتىڭ،
ھىجران ئەلەمى بىلە گىرىفتار ئەتتىڭ.

يۈزۈڭ بىلە لەبلەرىڭ ئېرۇر گۈل، مۇلدەك،
بەلكى يۈزۈڭ ئاللىدە ئېرۇر گۈل قۇلدەك.
بابۇر كەبى ئىشقدىن دەم ئۇرمايدۇر ئىدىم،
ئەي گۈل، مېنى ئىشقىڭ ئەيلەدى بۇلبۇلدەك.

ئەي يار، سېنىڭ ۋەسلىڭگە يەتمەك مۇشكىل،
فەرخۇندە ھەدىسىڭنى ئىشىتمەك مۇشكىل.
ئىشقىڭنى داغى بەرتەرەف ئەتمەك مۇشكىل،
باشنى ئالىبان ھەر سارى كەتمەك مۇشكىل.

ناز ئۇيقۇسىدىن بىرەر زەمان ئايىلغىل،
گۈلدەك كۈلۈپ، ئەي غۇنچە دەھان، ئاچىلغىل.
كۆڭلۈمنى ئىگىلەدىڭ چالىپ چەڭ، ئەي يار،
چىڭدەدۇرۇر كۆڭۈل نەۋازىش قىلغىل.

كەلدىم ساڭا يۈز ئۈمىد بىلە، ئەي ماھ،
لېكىن يازدىم يۈزۈڭنى كۆرمەي يۈز ئاھ.

ھەمسۆھبەت ھەمراھنى نېتەي بۇ يولدە،
دەردىڭ ماڭا ھەمسۆھبەت، ئىشقىڭ ھەمراھ.

بابۇر مۇتەۋەججىھ ئولسا لەنگەر سارىغە،
قىلماس نەزەرى بىھىشتۇ كەۋسەر سارىغە.
سەندىن تىلەگۈمدۇر مەدەد، ئېي شاھ غىياس،
ھەر ۋەقتىكى ئەزم ئەيلەسەم ھەر سارىغە.

ئەيكىم، ماڭا مۇجدە بەردىڭ ئول جانانىدىن،
قىلدىڭ مېنى ئازادە غەمى ھىجرانىدىن.
بۇ مۇجدەنى نې نەۋئى سىفەت قىلغايسەن،
گوياكى خەبەر بەردىڭ ئۆلۈككە جانىدىن.

ئەيكىم، يارالىق جىسمىمە مەرھەم سەنسەن،
مەجرۇھ كۆڭۈلگە نەشتەرىم ھەم سەنسەن.
گەھ شادۇ گەھى غەمكىن ئېسەم ئەيب ئەتمە،
كىم، بايىسى شادمانلىغۇ غەم سەنسەن.

خاتىرغە خۇتۇر ئەتتى بۇ سۆز ياڭلا ئەخي،
ئايتاي سەڭا سەن قۇلاق سالىپ ئاڭلا ئەخي.
ئۇمرۇڭنى بۇ كۇن خۇش كەچۇر ئەھباب ئىلەكىم،
تاپىلماغۇسىدۇر ئۇشبۇ كۇن تاڭلا ئەخي.

بىدەرد ھەبىب بىلمەدى دەردىمنى،
تۇفراقچە كۆرمەدى رۇخى زەردىمنى.
مەندىن نىچە كۆڭۈلدە غۇبارى بولغاي،
كەتدىم مانا، ئەمدى تاپماغاي گەردىمنى.

قايغۇڭنى چىكە - چىكە قارىپدۇر بابۇر،
رەھىم ئەيلەكى، ئۆزىدىن بابۇردۇر بابۇر.
نارەنج يۇبەردى ساڭا كىم بىلگەيسەن،
يەئنىكى بۇ نەۋئى سارغارىپدۇر بابۇر.

دۇشمەننىكى بۇ دەھر زەبەردەست قىلۇر،
نەخۋەت مەيدىن بىر نىچە كۈن مەست قىلۇر.
غەم يىمەكى، يەتكۇرسە باشىنى كۆككە،
ئاخىر يەنە يەر كەبى ئانى پەست قىلۇر.

ھۇسن ئەھلىغە زارۇ مۇبتەلا كۆز ئىرمىش،
جانىم بىلە كۆڭلۇمگە بەلا كۆز ئىرمىش.
فەھم ئەيلەدىم ئەمدى، بابۇرا، ئىش ئىچرە،
كۆزۈمنى قارارتقان قارا كۆز ئىرمىش.

تا ۋادىئى ھەجرىڭدە قىلىپمەن مەنزىل،
سۈرەت بىلە گەرچى ئايرۇمەن بىدىل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەللاھكى، ئەي يار، سىنىڭ يادىڭدىن،
بىر لەھزەۋۇ بىر زەمان ئەمەسمەن غافىل.

ئىشقىڭدە كۆڭۈل خەرابدۇر، مەن نە قىلاي؟
ھەجرىڭدە كۆزۈم پۇرئابدۇر، مەن نە قىلاي؟
جىسمىم ئارا پىچۇتابدۇر، مەن نە قىلاي؟
جانىمدە كۆپ ئىزتىرابدۇر، مەن نە قىلاي؟

سەن ئاندە فەراغۇ ئەيشۇئىشرەت بىرلە،
مەن مۇندە فىراقۇ رەنجۇمىھنەت بىرلە.
ئاسرارمەن ئۆزۈم بىرلە سىنى نەقش قىلىپ،
خۇرسەند بولۇرمەن ئۇشبۇ سۇۋرەت بىرلە.

مۇترىبكى ئۇنىنى ھەركىشى گۇش قىلۇر،
جان بىرلە كۆڭۈلنى زارۇ مەدھۇش قىلۇر.
مەقسۇد نىدۇركى ئەلنى ياد ئەتكەندە،
ئول دائىرەدە بىزنى فەرامۇش قىلۇر.

نەققاش مېنىڭ ھالىمە تەدبىر ئەتكىل،
بىر ياغلىغ ئارا كەشىدە تەھرىر ئەتكىل.
ئول سەفھەدە مەن خەيال قىلغان ياغلىغ،
ئول يارغە مۇشكىلىمنى تەقدىر ئەتكىل.

ھۆسنۈڭ سىفەتىنى ئېشىتىپ زار ئولدۇم،
كۆرمەي سېنى ئىشقىڭغە گىرىفتار ئولدۇم.
سورغىلكى، لەبىڭ فىراقى بىھال ئەتتى،
كۆرگىلكى، كۆزۈڭ ھەجرىدە بىمار ئولدۇم.

يار ياغلىغىدىن كۆڭۈلنى خۇرسەند ئەتتىم،
رۇھۇم قۇشىنى تارى بىلە بەند ئەتتىم.
كۆڭلۈمنى نې نەۋئى ئۆزەي ئوشۇل ياغلىغىدىن،
جان رىشتەسىنى تارىغە پەيۋەند ئەتتىم.

بابۇر، نېچە بۇ دەھر مېنى زار ئەيلەر،
سەبرىمنى كەمۇ غەممىنى بىسيار ئەيلەر.
تا دەھردۇرۇر بۇدۇر ئانىڭ رەسمىكىم،
ئايرىپ كىشىنى ئەزىزىدىن خار ئەيلەر.

ھەجرى ئارا ئارامۇ قەرارىم يوقتۇر،
ۋەسلىغە يېتەرگە ئىختىيارىم يوقتۇر.
كىمغە ئاچايىن رازكى، يوق مەھرەمى راز،
غەم كىمگە دېيىنكى، غەمگۇزارىم يوقتۇر.

ھىجران ئەرا ياد ئېتىپ مېنى شاد ئەتتى،
مەھجۇر كۆڭۈلنى غەمدىن ئازاد ئەتتى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نې لۇتف ئىدى ئول ھۇرى پەرىزاد ئەتتى،
گوياكى بۇزۇق كەئبىنى ئاباد ئەتتى.

ھەجرىڭدە نې قان قالدىكى، يۇتمايدۇرمەن،
كۆز ياشىنى ھەر لەھزە قۇرۇتمايدۇرمەن.
دىدارىڭنىڭ ھەققىنى، ئەي يۈزى قۇياش،
تەڭرى ھەققى، بىر زەررە ئۇنۇتمايدۇرمەن.

ئولكىم ئاڭا ئالەم ئىچرە غالىب يوقتۇر،
دەرلەركى بىرى كېلۇرغە راغىب يوقتۇر.
دېدىمكى بۇ سۆز راست ئەمەسدۇر، نېگەكىم،
تالىب نە تىلەر ئاندەكى، تالىب يوقتۇر.

ھىجران ئارا ياد ئېتىپ مېنى شاد ئەيلە،
مەھجۇر كۆڭۈلنى غەمدىن ئازاد ئەيلە.
بۇ خەتنى ئانىڭ ئۈچۈن بىتىدىم مۇندە،
كۆرگەن سايى خەتىمنى، مېنى ياد ئەيلە.

ئول يۈزى قۇياشكى، باردۇر ئايدىن ئەفزۇن،
ھۇسن ئىچرە ئول ئاي ئالىدە خۇرشىد زەبۇن.
تا بىر كۈن ئول ئايدىن نەۋازىش تاپقاي،
كۆك دايىرە بولدىيۇ جەلاجىل ئايۇ كۈن.

تا بولغالى دىلدار ئۇ شول ئاي ماڭا،
ھالىمنى بىلىپ قىلمادى پەرۋاي ماڭا.
مەن ئەسرۇ خەرابۇ يار كۆپ مۇستەغنىي،
ئەي ۋاي ماڭا، ۋاي ماڭا، ۋاي ماڭا.

سېنىڭ بىلە مەنكى، ئاشنالىغ قىلدىم،
ئىشقنى ھەزىن جانغە بەلالىغ قىلدىم.
كۆرمەي، بىلمەي مېنى ۋەفاسىز دەپسەن،
مەن ساڭا نې نەۋئى بىۋەفالىغ قىلدىم؟

ئول خەتكى، ئانده سېنى مەن ياد ئەتكەيمەن،
كۆز ئاقىدە كاشكى سەۋاد ئەتكەيمەن.
كىرپىكلەردىن ئاڭا قەلەم راست قىلىپ،
كۆز قاراسىدىن ئاڭا مىداد ئەتكەيمەن.

يۈز نامەئى ئىشتىياق تەھرىر ئەتتىم،
يۈز نەۋئى بىلە ۋەسلىڭە تەدبىر ئەتتىم.
مەئزۇر تۇت، ئەي قۇياشكى، تالىئ يوقىدىن،
ۋەسلىڭغە يېتەر مەھەلدە تەقسىر ئەتتىم.

ئەي كىم، ئالەم شاھلارى شاھى سەنسەن،
بىۋاسىتە مەنزۇرى ئىلاھىي سەنسەن.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەن بارسەن كىمگە ئېلتەي، ئەي شاھ، پەناھ،
چۈن بارچە جەھان ئېلى پەناھى سەنسەن.

ناسىھ سۆزى نېچە ساڭا مەردۇد ئولغاي،
ياخشىيۇ يامان قاشىڭدە نابۇد ئولغاي.
بارى ئەمدى مەئاش بىر نەۋئى ئەتكىم،
ھەق رازىيۇ تەڭرى ئېلى خۇشنۇد ئولغاي.

بولدۇم مەن ئاشۇفتەئى ھەيران مەردۇد،
قىلغىل مەدەدىكى، بولدى ئىمكان نابۇد.
دۇنيا بىلە ئۇقبادە رۇجۇئۇم ساڭادۇر،
ئەي ئىككى جەھانىنىڭ شاھى سۇلتان مەھمۇد.

ۋەسفىڭنى نېچە ئۇلۇسدىن ئىشىتكەيمەن،
نې نەۋئى قىلىپ ۋىسالىڭە يەتكەيمەن.
گەر ۋەسل مۇيەسسەر ئولماسە نېتكەيمەن،
باشىمنى ئالىب بىر سارىغە كەتكەيمەن.

نامەڭكى، تىرىكلىكىم نىشانى ئېردى،
ھەر سەترە ھەياتى جاۋىدانى ئېردى.
ھەر لەفزىدە ئاشكار يۈز ھەرفى ۋەفا،
ھەر ھەرفىدە يۈز مىھر نىھانى ئېردى.

جانا، بىتىكىڭكى بولدى مەرقۇم ماڭا،
مىھنەت بىلە غەمىن قىلدى مەئدۇم ماڭا.
كۆرگەچ ئانى گەرچە شاد بىھەد بولدۇم،
مەزمۇنى ۋەلې ئولمادى مەئلۇم ماڭا.

خەتتىڭ بىلە كۆڭلەكىڭنى ئىرسال ئەتتىڭ،
قايغۇ بىلە مىھنەتىمنى پامال ئەتتىڭ.
ئول خەت بىلە خاتىرىمنى خۇرسەند ئەيلەپ،
بۇ كۆڭلەك ئىلە كۆڭۈلنى خۇشھال ئەتتىڭ.

ھىجراندا ساغىنىپ مىنى شاد ئەتكەيسەن،
مەن خەستەنى مۇخلىس ئېتىقاد ئەتكەيسەن.
بۇ خەتنى ئانىڭ ئۈچۈن بىتدىم مۇندە،
كۆرگەچ بۇ خەتىمنى، ياد ئەتكەيسەن.

ھەجرىڭدە، سەبا، يەتتى فەلەككە ئاھىم،
گەر ئول سارى بارساڭ بۇدۇرۇر دىلخاھىم.
كىم ئەرزى دۇئا نىياز ئىلە قىلغايسەن،
گەر سورسە مەن خەستەنى گۈلرۇخ ماھىم.

كۆڭلۈم تىلەكى ۋىسال ئىمىشكەن بىلدىم،
ئول ۋەسل داغى مەھال ئىمىشكەن بىلدىم.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەر قانداكى بولسە مېھرىبانىدۇر دەردىم،
ئول داغى غەلەت خەيەل ئىمىشكەن بىلدىم.

ئىشلەر بارى كۆڭلۈڭدەكىدەك بولغۇسىدۇر،
ئىنئامۇ ۋەزىفە بارى بۇيرۇلغۇسىدۇر.
ئول غەللەۋۇ مۇھمەلكى دەپ ئېردىڭ بىلدىم،
مۇھمەلغە بويۇ، غەللەدىن ئۆي تولغىسىدۇر.

يىللار تىلەپ ئىشنى قايۇ ساخلاپ تۇردۇم،
يۈز جەھد بىلە ئىشنى مۇڭا يەتكۈردۈم.
مەردانە بول، ئەمدى ياخشىدۇر ئىش كېلىشى،
تەڭرىگە سېنى، ئېلنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئەربابى ھەسەد سۆزىگە پۈتتۈڭ ئوخشار،
بىگانەلىك ئەتمۇارىنى تۈتتۈڭ ئوخشار.
بىر داغى ساغىنمادىڭ بۇ فۇرسەتدە مېنى،
مەن خەستەنى، ئەي يار، ئۇنۇتتۇڭ ئوخشار.

ئەربابى ھەسەدكى، دۇنيادىن دۇر ئولغاي،
ئىستەر سەۋرىدىن كىشى مەھجۇر ئولغاي.
دائىم كۆرەيىن يۈزۈڭ ئەلا رەغمى ھۇسۇد،
ھەر كىم كۆرە ئالماسە، كۆزى كور ئولغاي.

ھەر كۈندە يۈزۈڭنى كۆرمەك ئىرۇر ھەۋەسىم،
ھەر نىچە ساچىلىڭ خەيالىدۇر ھەمنەفەسىم.
ئىيسا دەمىدىن رۇھ بىرۇر جىسمىمغە،
سىنىڭ ساردىن پەيام كەلتۈرسە نەسىم.

ۋەسلىڭنى تىلەپ نىچە سەبادىن بىلەيىن،
كەلگىلكى، قۇيۇندەك باشىڭە ئەۋرۈلەيىن.
گەر كەلمەسەڭ، ئىستەسەڭ مېنى خىزمەتىڭە،
باشىمنى قەدەم قىلىپ قەدەمغە كېلەيىن.

جان ۋالە ئىرۇر لەئلى شەكەر بارىڭغە،
كۆڭلۈم ھەم ئىرۇر خەراب رۇخسارىڭغە.
گۇفتارىڭ ئىرۇر باشدىن ئاياق بارچەسى خوب،
مەن بەندە بولاي باشتىن ئاياق بارىڭغە.

ھۇسنىڭكى سىنىڭ، شۇھرەتى ئافاق ئولدى،
جان بىرلە ۋەسلىڭە مۇشتاق ئولدى.
ھەجرىڭ ئارا ئىنتىزار ھەددىن ئاشتى،
كەل يا مېنى ئىستە تاقەتىم تاق ئولدى.

ئەيكىم، ياسابان يۈزۈڭنى خۇرشىد ئەتتىڭ،
فۇرقەت ئەلەمىنى ماڭا جاۋىد ئەتتىڭ.



www.uyghurkitap.com

مەن سېنى دېدىم، سەن ئۆزگەنى قىلدىڭ ياد،
نەۋمىد ئولغىل، چۈن مېنى نەۋمىد ئەتتىڭ.

ھەممامكى، قىلدىم كۆرۈشىزكىم، ئەييام،
ئوخشاتتى ئانىڭ بارى ئىشى ماڭا تەمام.
كۆز ياشىيۇ كۆڭۈل ئوتى بىرلە مەندىن،
گۈلچىھرەلەر ئىستەبان يورۇيدۇر ھەممام.

ھەممامكى، ئەرك ئىچىندە پەيدا قىلدىم،
ساغىنماكى، سۇدىن تەبەررا قىلدىم.
سۇد ئۇشبۇ ئەمەسمۇكىم، بۇ تەدبىر بىلە،
پاكىزە بەدەنلەرنى تەماشا قىلدىم.

ھەر كىم دېسە بۇرنا، يا ئەگەر تاڭلا مېنى،
ئۆزۈڭە مۇساھىبۇ مۇھىم ئاڭلا مېنى.
بۇ كۈن مېنى ياد ئېتىپ، ئۇنۇتمە تاڭلا،
زىنھاركى، كۆز تۇت، ئۇشبۇ كۈن تاڭلا مېنى.

ئەسرۇ كۆپ ئىمىش جۇرئەتۇ ھىممەت سىزگە،
روزىي قىلغاي خۇدايى نۇسرەت سىزگە.
مەردانەلىغىڭىزنى بارى ئەل بىلدى،
رەھمەت سىزگە، ھەزار رەھمەت سىزگە.

ياتلارنى كېرەككى، ئاشنا كەم قىلساڭ.
ھەر كىمكى ۋەفا قىلسە، جەفا كەم قىلساڭ.
نەۋمىد بولۇر بارچە ۋەفادارلارىڭ،
گەر شاھ نەزەرىڭ بىرلە ۋەفا كەم قىلساڭ.

يا رەب، ماڭا نېتدى، بولدى شاھىم بىلمەن،
كۆز ياشىدىن ئۆزگە ئۇزرخاھىم بىلمەن.
بىر ھەم نەزەر ئەتمەس، ئىتىقادىمنى بىلۇر،
ھەر لەھزە ئىتاب ئېتەر، گۇناھىم بىلمەن.

بۇ خەستە كۆڭۈل ئېرۇر ۋىسالىڭ بىلە خۇش،
جانىم ھەم ئېرۇر سېنىڭ جەمالىڭ بىلە خۇش.
ھىجران غەمى گەرچە ئەسرۇ ناخۇشتۇر، لېكىن
فىكرىڭ بىلە شادمەن، خەيالىڭ بىلە خۇش.

ئىشق ئىشىنى باشتىن يەنە بۇنياد ئېتەيىن،
ئىشقىڭ غەمى بىرلە خاتىرىم شاد ئېتەيىن.
دەپسەنكى ئۇنۇتمە مېنى ھىجران ئارا، ۋاي،
سېنى ئۇنۇتۇپ، نې كىشىنى ياد ئېتەيىن.

تالىئ يوقى جانىمغە بەلالىغ بولدى،
ھەر ئىشنىكى، ئەيلەدىم، خەتالىغ بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرى ئادرېسى

ئۆز يەرنى قويۇپ ھىند سارى يۈزلەندىم،
يا رەب، نېتەيىن، نې يۈز قەرالىغ بولدى.

نېچە ماڭا جەۋر مۇتتەسىل قىلغايسەن،
مىھرىڭ يوقۇ نېچە مۇنفەئىل قىلغايسەن.
جەۋرىڭنى كۆرۈپ، مىھرىنى كۆرمەي كەتتىم،
گەر كۆرسەمۇ كۆرمەسەم بىھىل قىلغايسەن.

بۇ چېھرەئى زەردىمدىن ئۈيالساڭ نېتكەي،
رەھمەت نەزەرىنى ماڭا سالساڭ نېتكەي.
بىر ئىشۋە بىلە كۆڭۈل بېرىپ بابۇرغە،
بىر بۈسە بىلە كۆڭلىنى ئالساڭ نېتكەي.

جان ئەھدى بار، ئەي نىگار، ئەتمەسمۇ ئىدى،
ئول ئەھد بىلە قەرار ئەتمەسمۇ ئىدى.
ئەمدى داغى ۋەسل ئىنتىزارىن بېرەسەن،
مۇنچە مەھەل ئىنتىزار ئەتمەسمۇ ئىدى.

ئول باردىكى، ئىشرەت ئارزۇ قىلغايسەن،
ئىشرەت تىلەمەكلىكتە غۇلۇ قىلغايسەن.
چۇن ئەيشۇ فەراغ مۇمكىن ئېرمەس زىنھار،
بابۇر، غەمۇ مېھنەت بىلە خۇ قىلغايسەن.

www.uyghurkitap.com

ھىجران غەمىدىن نىچە شىكايەت قىلايىن،
كەلگىلىكى ۋەسلىن ھېكايەت قىلايىن.
تەڭرى ھەققى بىزنى دەپ ئەگەر سەن كېلسەڭ،
كۆڭلۈڭدەكىدەك لۇتف ئىنايەت قىلايىن.

ئەي يار، جەفا رەسمى چىقارماق نە ئىدى،
يا مېھر گىياھىنى قوپارماق نە ئىدى.
بىر مېھر، يانە لۇتف، يەنا جەۋر نېدۇر،
بىر باردىڭۇ كەلدىڭ، يانا بارماق نە ئىدى.

دائىم ساغىنىپ كۆڭۈلنى ئال، خۇش قالغىل،
رەھمەت نەزەرىن ماڭا سال، خۇش قالغىل.
ناخۇش ئىدى بوكى، مەن يامان باردىم، لېك،
سەن لالە ئۇزار ياخشى قال، خۇش قالغىل.

مېنىڭ تىلەكىم بۇدۇركى، نەۋازەندە بولاي،
ھەر قاندە ئېسەڭ مەن داغى ئاندە بولاي.
نى خۇلق ئىدى، يەنە كۆڭلۈم ئالدىڭ سۆز ئىلە،
شىرىن سۆزۈ ياخشى خۇلقۇڭە بەندە بولاي.

ئەي پەيك، بارىپ سەنا بىلەن قۇللۇق دە،
يەر ئۆپ، داغى خوب ئەدا بىلە قۇللۇق دە.

گەر يار مەن خەستەنى سورسا، زىنھار،
مەندىن يۈكۈنۈپ دۇئا بىلە قۇللۇق دە.

ئەي يەل، بارىپ ئەھبابقە نامىمنى دېگىل،
ھەر كىم مېنى بىلسە، بۇ كەلامىمنى دېگىل.
مەندىن دېمەگىل گەر ئۇنۇتۇلغان بولسام،
ھەر كىمكى مېنى سورسە، سەلامىمنى دېگىل.

ئاندىن بېرىكىم قەسدىم ئۈچۈن تۇردى فىراق،
يۈز دەردۇئەلەمنى ماڭا يەتكۇردى فىراق.
مېنى ئىشىكىڭدىن، نېتەيىن سۈردى فىراق،
قىل چارە، يوق ئېسە مېنى ئۆلتۈردى فىراق.

ئىشۋەڭ بىلە، غەمزەڭنىيۇ، نازىڭنىمۇ دەي؟
جەۋرىڭ بىلە سۆزۈڭۇ گۇدازىڭنىمۇ دەي؟
سۆزۈڭ، قىلىقىڭ، نەۋازىشىڭنىمۇ ئايتاي؟
ئاۋازۇ ئۇسۇلۇڭنىيۇ سازىڭنىمۇ دەي؟

نە ئىشرەتۇ ئەيش ئۈچۈن مەيى ناب ماڭا،
نە تائەت ئۈچۈن گۇشەيى مىھراب ماڭا.
نە فىسق قىلۇرغە باردۇر ئەسباب ماڭا،
نە زاھىد ئۇلۇرغە تاقەتۇ تاب ماڭا.

مۇنچە مېنى زار، ئەي يۈزى خۇرشىد، ئەتمە،
فۇرقەت ئەلەمىنى ماڭا جاۋىد ئەتمە.
تەڭرىدىن ئەگەر سېنىڭ ئۈمىدىڭ باردۇر،
تەڭرى ئۈچۈن، ئەي ئاي، مېنى نەۋمىد ئەتمە.

يۈز جەھد ئىلە يەتمان ساڭا، ئەي ئاي، نېتەي،
ھەجرىڭ ئەلەمىدە نېچە يىغلاي، نېتەي.
يوق ساڭا ۋەفاۋۇرەھمۇ پەرۋاي، نېتەي،
ئەي ۋاي نېتەي، ۋاي نېتەي، ۋاي نېتەي.

ئەيكىم، قۇياش ئول يۈزۈڭ، ھىلال ئول قاشتۇر،
پولاددۇر كۆڭلۈڭۈ باغرىڭ تاشدۇر.
نامەمغە ئەگەر ياخشى جەۋابىڭ يوقتۇر،
سۆكمەك بىلە ياد ئەيلەسەڭ ھەم خۇشتۇر.

شاھىم، ساڭا مەئلۇم ئەمەستۇر، نە قىلاي،
ئاھىم ساڭا مەئلۇم ئەمەستۇر، نە قىلاي.
مەن يۈزۈ قاشىڭ دەرمەنۇ سەن بەدرۇ ھىلال،
ماھىم ساڭا مەئلۇم ئەمەستۇر، نە قىلاي.

يەتمەس ساڭا، قۇللۇغۇمنى چوق ئەرز قىلاي،
سەن يېتسەڭۇ مەن دېسەمكى، يوق، ئەرز قىلاي.

كۆپتۇر سۆزۈمۇ مەھرەم ئەمەس ھېچ كىشى،
رۇخسەت ئىسە تاپۇغۇڭدا ــــ ئوق ئەرز قىلاي.

يۈز ئاھ، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر،
يۈز ئاھ، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر.
سەررىشتەئى ئەيشدىن كۆڭۈلنى زىنھار
ئۈز، ئاھ، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر.

رەھمىڭنى كۆڭۈل تىلەر، ئاڭا قىلغايسەن،
زەخمىڭنى كۆڭۈلگە بىخەتا قىلغايسەن.
تىل ئىككى ئەلىف كۆكسۈمە نەئىل ئۆرتەدىكىم،
كۆڭلۈم تىلەرىن ھەققىن ئەدا قىلغايسەن.

ھالىمغە كىرەك ھەبىب، ئەۋۋەلسە ئىدى،
ئىشرەت قەدەھى ھەبىبدىن تولسە ئىدى.
خۇشۋەقت تۇرۇر يار، ۋەلې مەن ناخۇش،
خۇشۋەقت بولۇر ئېردىم چاغىر بولسا ئىدى.

كىم، يار ئاڭا ئىلم تالىبى، ئىلم كىرەك،
ئۆرگەنگەلى ئىلم تالىبى ئىلم كىرەك.
مەن تالىبى ئىلمۇ تالىبى ئىلم يوق،
مەن بارمەن ئىلم تالىبى، ئىلم كىرەك.

ئۇلفەت تۇتاي، ئەر بار ئېسە تەئىلىفى شەرىف،
ئىنساف بېرەي، گەر ئۆلسە تەسنىفى شەرىف.
مەئرۇفدۇرۇر ئەل ئىچرە تەئرىفى شەرىف،
بولغاي شەرەفىم، كېتۇرسە، تەشرىفى شەرىف.

بۇ تەلبە كۆڭۇلكى، ئىشق ئانىڭ سۇدىدۇر،
ئەھبابىنىڭ ئىختىلاتى مەقسۇدىدۇر.
ھىجران چېكىپ ئەھبابنى ھەر كىمكى، كۆرەر،
خۇش دەۋلەتىيۇ تالىئى مەسئۇدىدۇر.

لۇتف ئەتسەڭۇ كۆڭۇل بىلە جان ئۆرگەتسەڭ،
ۋەسلىڭ بىلە ئەي جانۇجەھان ئۆرگەتسەڭ.
بۇ قاتلە يامانراق ئۇلسە ھالىم سەنسىز،
ئەيب ئەيلەمەگەيسەنۇ يامان ئۆرگەتسەڭ.

تا قىلغالى زىكر تەبئ نامىنى كۆڭۇل،
ۋىرد ئەيلەدى تەبئ ئەھلى كەلامىنى كۆڭۇل.
تا ھەجر غەمۇ مىھنەتى تەسكىن تاپقاي،
ئىستەيدۇرۇر ئەھباب پەيامىنى كۆڭۇل.

يار ئۇلدۇركىم، شېئىرغە مەيلى بولسە،
نېتگەي كىشى شىئر غەيرى خەيلى بولسە.



www.uyghurkitap.com

ئەغيارنىڭ ئازارىنى ھەر ھال بىلە
چەكەيمەن، ئەگەر بارى تىفەيلى بولسە.

دەۋران مېنى ئۆتكەردى سەرۇ ساماندىن،
ئايىردى بىر يولى مېنى خانۇماندىن.
گەھ باشىمە تاج، گەھ بەلايى تەئنە،
نېلەركى باشىمغە كەلمەدى دەۋراندىن.

كۆزۈڭدىن ئېرۇر، نەززارە قىل، خەستەلىغىم،
قاشىڭدىن ئېرۇر غەم بىلە پەيۋەستەلىغىم.
باشىمنى ئالىپ كەتكەي ئىدىم يۈز قاتلا،
بولماسە ئىدى ساچىڭغە دىلبەستەلىغىم.

مىھرىڭ نەدۇرۇر، بۇرۇنمۇ يا جەۋر كېيىن،
بىفايدە ئىشقىڭ غەمىنى نېچە دەيىن؟
ھالىمنى نېچە دېسەم، دېمەسسەن مېنى يار،
سەن دېمەسەڭ، ئەي يار، مېنى، مەن نەدەيىن؟

نېچە بۇ فەلەك سالغۇسى غۇربەتقە مېنى،
ھەر لەھزە تۇگەتكۇسىز مەشەققەتقە مېنى.
ني چارە قىلماي، نېتەيكى، تەڭرى گويا،
مىھنەتنى ماڭا ياراتتى، مىھنەتقە مېنى.

گەر مىھر بىلەن بۇ چەرخ ئەۋرۇلسە ئىدى،
جانلاردىن ئانىڭ جەۋفى كېرەك تولسە ئىدى.
بابۇر كەبى جانغە مىھر باغلار ئېردىم،
گەر ئۇشبۇ جەھانده مىھرى جان بولسە ئىدى.

ئىشىتسە كىشى بۇ شورۇ شېۋەن، نە دېگەي؟
دائىم بۇ تەرىق ئىچگۈنى كۆرگەن نە دېگەي؟
دۇشمەن سۆزىگە كىرمە، ئىشىت دوست سۆزىن،
ئىشىتمەس سۆزنى دوست، دۇشمەن نە دېگەي؟

باشىمنى تۇفەيىل ئول سەرامەدقە قىلاي،
جانىمنى فىدا ئۇشۇل سىھى قەدغە قىلاي.
بۇ خەستە كۆڭۈل بىلە خەمىدە قەدنى،
كۆزى بىلە، زۇلفىگە ئانىڭ سەدقە قىلاي.

كۆڭۈلگە نېچەكى سەير مەتلۇب ئولسە،
قالماس ماڭا سەبر، سەبرى ئەييۇب ئولسە.
گەر ھەجرىنىڭ ئىمتىدادى مۇندىن ئارتار،
ئەھبابنى سورماق داغى مەرغۇب ئولسە.

بابۇر بىلە مىر ئىتتىفاقى بولسە،
يوقتۇر غەم ئەگەر جەھان نىفاقى بولسە.

بۇدۇر تىلەكىمكى، شاھ دەرگاھىدە،
مەن بەندە ئۈچۈن ھەمىشە باقىي بولسە.

ۋەسلىڭغە كۆڭۈل قىياسسىز تالىپتۇر،
ھەجرىڭ ئارا ئىختىيارسىز قالىپتۇر.
مۇشتاقلىغىم شەرھىنى دېيە ئالمەسمەن،
دىيدارىڭە ئىشتىياق كۆپ غالىبتۇر.

گەر رۇھ دەم ئېتسە ئېردى ئاھەڭى نەغەم،
مەجلىسدە نە ھۇزۇن قالۇر ئېردىيۇ نە غەم.
تا بارغالى رۇھ دەم بېرىڭ مەجلىسدىن،
مەجلىس ئېلىگە نە رۇھ قالدىيۇ نە دەم.

دەۋلەتقە يېتىپ مىھنەت ئېلىن ئۇنۇتمە،
بۇ بەش كۈن ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئەسرۇ تۇتمە.
بارغاننى، كەل ئەمدى، ياد قىلماي، ئەي دوست،
بارىش ـ كېلىشىڭنى لۇتف ئېتىپ ئۆكسۇتمە.

دىۋانىمە نە رەبتۇ نە تەرتىبىدۇر،
نە جەدۋەلۇ نە لەۋھۇ نە تەزھىبىدۇر.
كى ساڭا ئىبەردىم، ئانى ئەيب ئەيلەمەكىم،
دىۋانىڭنى تىلەرگە تەقدىرىدۇر.

www.uyghurkitap.com

خەتىڭنى كۆرۈپ كۆڭۈلگە ھەيرەت بولدى،
شېئىرىڭ ئىشتىپ جانغە مەسەررەت[1] بولدى.
بۇ نېچە مەھەل تەغافۇل[2] ئەتتىڭ دېمەكىم،
تالىئ يوق ئىدىكى، مۇنچە غەفلەت بولدى.

سۆز سورغالى لەئلى نۇكتەدانىڭ تاپمان،
يۈز سۈرەتلى ئول ئاستانىڭ تاپمان.
بىنامۇ نىشانلىغ ئىستەسەم، نې تاڭكىم،
نامىڭنى ئىششتىتىمۇ نىشانىڭ تاپمان.

ھىجران ئارا نېچە نامە تەھرىر قىلاي،
خامە تىلى بىرلە ھال تەقرىر قىلاي.
خۇش ئولكى سۆزۈم ساڭا دېسەم ۋاستەسىز،
سەن ئاندايۇ مەن مۇندە، نە تەدبىر قىلاي.

ئەي قامەتى سەرۋۇ لەبلەرى ئابىھايات،
بۇدۇر تىلەكىمكى، يەتگەمەن ۋەسلىڭگە بات.
ھەجرىڭدە ماڭا نە سەبر قالدى، نە سەبات،
يا كەل بۇ سارىغە، يا مېنى ئۆزۈڭگە قات.

---

[1] مەسەررەت ــــ شادلىق، سۆيۈنچ.
[2] تەغافۇل ــــ بىلمەسكە سېلىش، غەپلەتتە قېلىش.

ئەي يار، ھەزىن كۆڭۈلنى ياد ئايلەمەدىڭ،
مېھرىڭنى كەم ئەيلەدىڭ، زىياد ئەيلەمەدىڭ.
يا مەندە گۇناھ باردۇر، ئۇنۇتدۇڭ، يا سەن،
ئايا نې جىھەتدۇرۇركى ياد ئەيلەمەدىڭ.

خۇش ئولكى كۆزۈم تۇشسە سېنىڭ كۆزۈڭگە،
بىۋاستە ھالىمنى دېسەم ئۆزۈڭگە.
بەرمەي سۆزۈمە جەۋاب ئاچچىغلاناسەن،
قىلدىڭ مېنى مۇھتاج چۇچۇك سۆزۈڭگە.

سەن گۇلسەنۇ مەن ھەقىر بۇلبۇلدۇرمەن،
سەن شۇئلەسەنۇ ئول شۇئلەغە مەن قۇلدۇرمەن.
نىسبەت يوقتۇر دەپ ئىجتىناب ئەيلەمەكىم،
شاھمەن ئەلگە، ۋەلې ساڭا قۇلدۇرمەن.

ھۇسنۇڭنى سېنىڭ كىمكى تەئەققۇل قىلغاي،
سەندىن باشقە نېچۇن تەھەممۇل قىلغاي.
بۇ تەبئۇ، بۇ ئىختىلاتكىم سەندەدۇرۇر،
نە مەنكى، بارى ئالەم ئېلىن قۇل قىلغاي.

ئەي قورغان ئېلى، قالدىمۇ دەرمانلارىڭىز،
چىقمايمۇدۇرۇر بۇ جەھل قىلغانلارىڭىز.

جاندەك كىشىلەر ئاچلىغىدىن چۈن چىقادۇر،
سىز چىقماساڭىز، چىقسە كېرەك جانلارىڭىز.

غوۋغادە مەي ئىرتىكاب قىلماق مۈشكىل،
جانغە كۈچ ئىلە ئەزاب قىلماق مۈشكىل.
بولماي دەغى مەست خاب قىلماق مۈشكىل،
ئەھبابدىن ئىجتىناب قىلماق مۈشكىل.

خاتىرنى بەھار فەسلىدە گەشت ئالادۇر،
كۆز نۇرىنى رەڭگى لالەۋۇ دەشت ئالادۇر.
خۇش ئولكى تالالاردە يۇرۇپ سەير ئېتسە،
بۇ فەسلدەكىم لەتىفۇ دىلكەش تالادۇر.

كەلگىلكى، دەمې ئولتۇرۇبان مەي ئىچەلىڭ،
دۇنيا غەمۇرەنجىدىن زەمانى كېچەلىڭ.
چۈن ئەيشۇ نىشات لەشكەرى سەف تۈزدى،
ئەي مېھنەتۇ غۇسسە خەيلى، سىزلەر ساچەلىڭ.

ھەر كىمكى، ۋەفا قىلسە، ۋەفا تاپقۇسىدۇر،
ھەر كىمكى، جەفا قىلسە، جەفا تاپقۇسىدۇر.
ياخشى كىشى كۆرمەگەي يەمانلىغ ھەرگىز،
ھەر كىمكى، يامان بولسە، جەزا تاپقۇسىدۇر.



www.uyghurkitap.com

ھەر سۆزكى، نە دەرمەن ساڭا لاف ئۇلماغۇسى،
بىمەئنىيۇ ھەرزەۋۇ گەزاف[1] ئۇلماغۇسى.
ئول ئىشتە، ئەگەر مۇخالەفەت ئەيلەرسەن،
تەڭرى ھەقى، بۇ سۆزدە خىلاف ئۇلماغۇسى.

كۆز رەۋشەن ئىدى سېنىڭ جەمالىڭ بىرلە،
كۆڭۈل خۇش ئىدى سېنىڭ ۋىسالىڭ بىرلە.
بەس تىيرەۋۇ ناخۇش ئەتتى ھەجرىڭ بىزنى،
ئەمدى قىلالىڭ خوي خەيالىڭ بىرلە.

نېتكەي كىشى بۇ فەلەك نىفاقى بىرلە،
ئەتكەي بۇ فەلەك ئابۇ سوراقى بىرلە.
گەھ تىرگۇزەدۇر ۋىسال ئەييامىدىن،
گەھ ئۆلتۇرەدۇر شامى فىراقى بىرلە.

كۆزۈڭ بارى ساغلارنى مەست ئەتگۇسىدۇر،
غەمزەڭ بارى مەستلەرنى پەست ئەتگۇسىدۇر.
كۆپ زاھىدۇ پارسانى بابۇر ياڭلىغ،
لەئلىڭ ھەۋەسى بادەپەرەست ئەتگۇسىدۇر.

---

[1] گەزاف ـــ تۇتۇرۇقسىز، بىمەنە.

قاتىڭدە ئەگەر گۇناھ گاھ قىلدىم،
يۈز قاتلە نەدامەت بىلە ئاھ قىلدىم.
قىلدىم يامانۇ ئەسرۇ تەباھ قىلدىم،
لۇتفۇڭ بىلە سەن كەچۇر گۇناھ قىلدىم.

ئەيكىم بارى شىئر ئەھلىغە سەن خان ياڭلىغ،
شىئرىڭ بارى شىئرلەرگە سۇلتان ياڭلىغ.
مەزمۇنى ئانىڭ خەتتى سەۋادى ئىچرە،
زۇلمەت ئاراسىدە ئابىھەيۋان ياڭلىغ.

شىئرىڭ ئىشتۇر فىكرىنى بابۇر قىلدى،
نې فىكرى خۇشۇ ياخشى، تەسەۋۋۇر قىلدى.
كۆزنى يارۇق ئەيلەدى سەۋادى بىرلە،
مەزمۇنى بىلە قۇلاقنى پۇردۇر قىلدى.

گەر سىددىق بىر ئۆزگە ئاشىق بولغاي،
مەئشۇق خىسالى ئاڭا لايىق بولغاي.
پىر ئاللىدە تاپقۇسى مۇرادىن بىتەڭ،
ھەر كىمكى، ئەگەر مۇرىدى سادىق بولغاي.

بىسەبرمەنۇ بىسەرۇ ساماندۇرمەن،
بىر غەمزەدەدۇرمەنۇ پەرىشاندۇرمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

نە دىنىنىڭ ئىشىن قىلدىمۇ نە دۇنيانىڭ،
يا رەب، نېتەي ئۆز ئىشىم ھەيراندۇرمەن.

تا قىلدى مېنى فىراق ئارا ياد ھەبىب،
مەھجۇر كۆڭۈلنى ئەيلەدى شاد ھەبىب.
گەر ۋەسل مۇيەسسەر ئولماس، نېتەي، بابۇر،
فەرياد، ھەبىبۇ ئاھۇ فەرياد، ھەبىب.

كۆز شەمئىنى يارۇتقالى مەھۋەش كەلدىڭ،
سەبر ئۆيىنى كۆيدۇرگەلى ئاتەش كەلدىڭ.
قىلدىڭ مېنى كەلگەنىڭ بىلە مىننەتدار،
رەھمەت ساڭا، ياخشى كەلدىڭۇ خۇش كەلدىڭ.

يۈز شۈكرى قىلايكى يەنە ئاشىق بولدۇم،
ئالەمغە بولۇپ فەسانە ئاشىق بولدۇم.
ياخشى سۆزۈڭۇ ۋەسفى جەمالىڭ ئىشتىب،
كۆرمەي سېنى غايىبانە ئاشىق بولدۇم.

ئەي ئاي، يۈزۈڭ ئالىدە قۇياش شەرمەندە،
شىرىن سۆزۈ ياخشى خۇلقۇڭا مەن بەندە.
ھىجراندە نېچە نامە بىلە سۆزلەشەلىڭ،
يا سەن بېرى كەل، يا بارايىن مەن ئاندە.

يا رەب مەندە نە ياخشى تالىئ باردۇر،
كىم، بەختى مۇتىئۇ يەرى تالىئ باردۇر.
مەئزۇر تۇت ئەر ۋەسلىگە كېچرەك يەتسەم،
نە چارە قىلاي، ئازغىنە مانىئ باردۇر.

سەنسىز نېچە غەم بىرلە مەلالى كۆرەلىڭ،
ھەجرىڭ نېچە بولغۇسى، ۋىسالى كۆرەلىڭ.
ھەجرىڭ نېچە خەيال ئىلە ئۆتكەرەلىڭ،
لۇتف ئەيلەۋۇ كېلگىلكى جەمالى كۆرەلىڭ.

ھەجرىڭدە بۇ تۈن كۆڭۈلدە قايغۇ ئېردى،
ۋەسلىڭغە يېتىشمەدىم، جىھەت بۇ ئېردى.
ئاھىم تۈتۈنى بىرلە كۆزۈمنىڭ ياشىدىن،
يول بالچىق ئىدى، كېچە قاراڭغۇ ئېردى.

ھەجرىڭدە ئەگەرچە جانغە بىداد ئېردى،
سەنسىز ماڭا يۈز فىغانۇ فەرياد ئېردى.
فىكرىڭدىن ئىدىيۇ لېك خۇرسەندلىغىم،
زىكرىڭ بىلە بۇ خەستە كۆڭۈل شاد ئېردى.

كۆردۈڭ داغى كۆزۈڭگە گىرىفتار ئەتتىڭ،
سوردۇڭ داغى سۆزۈڭگە گىرىفتار ئەتتىڭ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ تەبئۇ كەلامىڭ بىلە ئۆز باشىڭ ئۇچۇن،
باشدىن مېنى ئۆزۈڭە گىرىفتار ئەتتىڭ.

ئىشقىڭ مېنى قىلدى ئەسرۇ شەيدا، نېتەيىن،
ئالەم ئېلىگە ئەيلەدى رەسۋا، نېتەيىن.
جانىمنى فىدا قىلىپ ساڭا، ئاندىن سوڭ،
دەرمەنكى، سېنى جان ئېتەي، ئەمما نېتەيىن.

ئىدراكىڭۇ تەبئۇ ھۇشۇڭا بەندە بولاي،
ئاۋازۇ ئۇسۇلۇ جۇشۇڭا بەندە بولاي.
تەقسىم قىلۇردە نەقشلەرگە ئەبيەد،
تەئرىپ بىلە ئوقۇشۇڭا بەندە بولاي.

كەلدى رەمەزانۇ مەن تەخى بادەپەرەست،
ئېيد ئولدىيۇ زىكرى مەي قىلۇرمەن پەيۋەست.
نە روزەۋۇ نە نەماز يىللار، ئايلار،
تۇن كۇن مەيۇ مەئجۇن بىلە دىۋانەۋۇ مەست.

جىسمىمدە ئىستمە تابىدىن ئاتەشدۇر،
جانىمغە بەلاۋۇ غۇسسە بېبەركەشدۇر.
كۆپ دەرد ئىلە غەمدىن ماڭا ناخۇشلۇق ئىدى،
سەن سورغالى، ئەي ھەبىب كۆڭلۈم خۇشدۇر.

ھەر يەردەكى گۈل بولسە، تىكەن بولسە، نە تاڭ،
ھەر قاندەكى مەي دۈردىدىن بولسە، نە تاڭ.
شىئىرىمدە ئەگەر ھەزل، ئەگەر جىد، كەچۈرۈڭ،
ياخشى باريدە ئەگەر يامان بولسا، نە تاڭ.

نىسيان قىلمەن نىچە ماڭا كۆرگەيسەن،
ۋەقت ئولدىكى ھەجر نامەسىن تۈرگەيسەن.
بۇدۇر تىلەگىم، خەتىمنى چۇن كۆرگەيسەن،
ئەلبەتتە، ئۆزۈڭنى ماڭا يەتكۈرگەيسەن.

جانىڭە يېتىشتى تۈزۈ تاغ بىرلە كۆڭۈل،
دەردىنى تۈگەتمەس ئايتماغ بىرلە كۆڭۈل.
غۇربەتتە ئاياق بىرلە بەدەن تىنماس، لېك،
يۈز شۈكرىكى، تىنچدۇر قۇلاغ بىرلە كۆڭۈل.

ئەھباب ئۈنۈتماسە كېرەك ئەھدى قەدىم،
يەتكۈرسە كېرەك خەبەرگەھى پەيك نەسىم.
بابۇر چۇ ئۈمىد قىلۇر ئەرزى نىياز،
شايەدكى، قەبۇل ئەيلەگەي تەبئى سەلىم.

ئول شوخكى بىلدۈردى ۋەفادارلىغىن،
تەرك ئەيلەدى گويا ستەمكارلىغىن.

لۇتىپ ئەيلەدى يارلىققا پەرمان بەردى،
ئەندا بىلە ياردۇر، نىيەتى يارلىغىن.

سېنىڭ بىلە سۆز مۇقەررەر ئانداق قىلايىن،
ئالەمدە سېنى مۇئتەبەر ئانداق قىلايىن.
تەڭرى ھەقى بۇ خىزمەت ئەگەر سەن قىلسەڭ،
ھەر نەۋئىكى كۆڭلۈڭ تىلەر، ئانداق قىلايىن.

ھىجران غەمىدىن زەئىپ جانىم سولدى،
غۇربەت ئەلەمى بىرلە ئىچىم قان تولدى.
يۈز شۈكرىكى، مۇنچە يىلغى غەم بىرلە ئەلەم،
راھەت بىلە ئىشرەتقە مۇبەددەل ئولدى.

ئىشقىڭ نىيەتى ئىختىيارسىز قىلدى مېنى،
سەبرىمنى ئالىپ قەرارسىز قىلدى مېنى.
ئالەم ئىچرە ئارسىز قىلدى مېنى،
زۇھد ئەھلىغە ئىئتىبارسىز قىلدى مېنى.

ئازار ئىلە نېچە گۇفتۇگۇ قىلغايسىز،
ئازۇردە بولۇرنى جۇستۇجۇ قىلغايسىز.

مۇنچەكى كۆڭۈللەرگە يېتىشتى ئازار،
مەي بىرلە مەگەركى شۇستۇشۇ[1] قىلغايسىز.

بۇ ياغلىغكىم، باغى جىنان چاغلىقدۇر،
جان رىشتەسى ھەر رىشتەسىغە باغلىقتۇر.
تەن تارى يۈزۈم ئالتۇنىدەكتۇر سەنسىز،
كور، ئول ئىككىدىن نەمۇنە بۇ ياغلىقدۇر.

گەر ۋادىئى ھەجرىڭ ئارا بولدۇم ماكىس،
ئەيب ئەيلەمەكىم، ھادىسەئىدۇر ھادىس.
قەۋمى ئەجەبى چاغىرغە قىلدى تەرغىب،
ئەمرى ئەجەبى ھەجرىگە بولدى بائىس.

قاسىدكى، يىباردىڭ ئەيلەدى شاد مېنى،
دائىم بۇ يوسۇنلۇق ئەيلەگىل ياد مېنى.
ئازادىغە قۇل بولايكى خەتىڭ كەتۈرۈپ،
ھەجرىڭ غەمىدىن ئەيلەدى ئازاد مېنى.

بۇ ئالەم ئارا ئەجەب ئەلەملەر كۆردۈم،
ئالەم ئېلىدىن تۈرفە ستەملەر كۆردۈم.

[1] شۇستۇشۇ ــــ يۇيۇپ تازىلاش.

ھەركىم بۇ «ۋەقايىئى» نى ئوقۇر، بىلگەيكىم،
نە رەنجۇ نە مىھنەتۇ نە غەملەر كۆردۈم.

نە خىش مېنى خۇشلارۇ نە بىگانە،
نە غەير رىزا مەندىنۇ نە جانانە.
ھەر نېچەكى ياخشىلىققە قىلسەم ئەفسۇن،
خەلق ئىچرە يامانلىغ بىلە مەن ئەفسانە.

ئەي بادى سەبا، ئەيلە خۇراسانغە گۇزەر،
مەندىن دېگىل ئول يەرى پەرىشانغە خەبەر.
نېچە سەفەر ئۆز كۆڭلۈك ئۈچۈن قىلغايسەن،
ئەمدى بىزنىڭ ئۈچۈن ئەيلە بۇ يانغە سەفەر.

خەتتىمنى كۆرۈپ سۆزۈمنى چۈن بىلگەيسەن،
كەلمەكتە بىزگە ئەل كەبى يېلگەيسەن.
ئىخلاسىڭنى بىلىپ يىبارىدىم قاسدى،
رەھمەت ساڭا، زىنھاركى، بات كېلگىيسەن.

كۆپدىن بېرىكىم يارۇ دىيارىم يوقتۇر،
بىر لەھزەۋۇ بىر نەفەس قارارىم يوقتۇر.
كەلدىم بۇ سارى ئۆز ئىختىيارىم بىرلە،
لېكىن، بابۇر، ئەمدى ئىختىيارىم يوقتۇر.

ئالۇدەئى يۈز تۈمەن مەئاسىي بولماق،
يۈز رەنجۇ تۈمەن ئەزاب خاسى بولماق.
كۆپ ياخشى ئىكىن ئەھلى خىرەدنىڭ قاشىدە،
كىم، ئاغرىتىبان ئاتەنى ئاسىي بولماق.

تا تەركى مەناھىيۇ شەراب ئەتمىشمەن،
نەفسىمغە خۇداي ئۈچۈن ئەزاب ئەتمىشمەن.
تەۋبە ئىشىكى ھەنۇز ئاچۇق ئىدى،
بۇ تەۋبەدە بىر نىمە شىتاب ئەتمىشمەن.

ھەر ھەزكى، خەلايىق ئاندىن ئايرىلماس ئىمىش،
ئول ھەز مەزەسىيۇ قەدرىنى بىلمەس ئىمىش.
مەئجۇنۇ، بەسىتۇ، بوزەۋۇ بۇست كەبى،
بىر جۇرئ چاغىر دۇردى ئىشىن قىلماس ئىمىش.

مەي تەركىنى قىلغالى ئىرۇرمەن غەملىق،
بار تىيرە كۆڭۈلگە ھەر زەمان دەرھەملىق.
غەم بىرلە فەرسۇدەلىق ھەلاك ئەتتى مىنى،
مەي بىرلە ئىمىش شادلىغۇ خۇررەملىق.

مەي تەركىن قىلغالى پەرىشاندۇرمەن،
بىلمەن قىلۇر ئىشىمنىيۇ ھەيراندۇرمەن.
ئەل بارچە پۇشەيمان بولۇرۇ تەۋبە قىلۇر،
مەن تەۋبە قىلىپمەنۇ پۇشەيماندۇرمەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرېسى

ئەھباب، فىراقىڭىز بىلە ئېل نېتكەي،
سىزلەرگە كىشى نې چارە ئەيلەپ يەتكەي.
جەمئىيەتىڭىزنى جەمئ تۇتقاي تەڭرى،
بابۇرنى داغى بۇ مەۋائىد جەمئ ئەتكەي.

بىمىھر ئەل سېنى مەن بۇتمەس ئىدىم،
ھەرگىز بۇ سىفەتنى ساڭا يەۋۇتماس ئىدىم.
ناھەق ئاغرىپ مېنى ئۇنۇتتۇڭ ئاخىر،
ۋەللاھكى، سەندىن بۇ تەمەئى تۇتماس ئىدىم.

ھىجران قەفەسىدە جان قۇشى دەم قىلادۇر،
غۇربەت بۇ ئەزىز ئۇمرنى كەم قىلادۇر.
نې نەۋئى بىتەي فىراقۇ غۇربەت شەرھىن،
كىم كۆز ياشى نامەنىڭ يۈزىن نەم قىلادۇر.

ئوت سالدى كۆڭۈلگە رەنجۇ بىتابلىغىم،
سۇ قىلدى بۇ خەستە جاننى بىتابلىغىم.
بۇ ئىككىلەسى ئەگەرچە بار مۇھلىكۇ سەئب،
لېك ئۆلتۈرەر تاڭغەچە بىخابلىغىم.

كۆڭلۈمگە ئوتۇ ئىككى كۆزۈمە سۇدۇر،
مەن خەستەغە رەھم قىلكى، ھالىم بۇدۇر.
غەم كۈندۈزىيۇ فىراق شامى ياڭلىغ،
كۈن ـ تۈن ماڭا نى قەرارۇ نە ئۇيقۇدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلما ئادرېسى

جىسمىمدە ئىستىمە كۆندە مەھكەم بولادۇر،
كۆزدىن ئۇچادۇر ئۇيقۇ، چۇ ئاقشام بولادۇر.
ھەر ئىككىلەسى غەمىم بىلە سەبرىمدەك،
بارغان سايى بۇ ئارتادۇر، ئول كەم بولادۇر.

نە يار ۋەفا قىلغۇسى ئاخىر، نە ھەرىف،
نە سەيفۇ شىتا قالغۇسى باقىي، نە ھەرىف.
يۈز ھەيفكى زايىئى ئۆتەدۇر ئۇمرى ئەزىز،
ئەفسۇسكى، باتىل بارادۇر ئۇمرى شەرىف.

ئەھباب يىغىنىدىن نېچە مەن قالغايمەن،
ئۆزۈمنى نېتىپ ئول ئاراغە سالغايمەن.
بارسام داغى ئاندە مىھمان كەسرەتىدىن،
مەئلۇم ئەمەسكى، يەر تاپا ئالغايمەن.

ئەل سۆھبەتىنىكى ئاززۇ قىلمىشمەن،
نە خۇشلۇغ ئىلە بۇ گۇفتۇگۇ قىلمىشمەن.
ئىشرەت بىلە ئەيشنى نە ئىش قىلغايمەن،
مېنكىم، غەمۇمىھنەت بىلە خۇ قىلمىشمەن.

يەكسان كەرەمىڭ قاشىدە مۇدبىر مۇقبىل،
ئاسان سېنىڭ ئالىڭدە جەمىئى مۇشكىل.
يا لۇتفۇ ئىنايەت ئانچە قىلكىم كۆتەرەي،
يا قەھرۇغەزەبنى تاقەتىم بارىچە قىل.

قىش گەرچە زەمانى مەنقەلۇ ئاتەشتۇر،
لېكىن بۇ شىتاپ ھىندتە كۆپ دىلكەشتۇر.
ھەنگامى نىشاتۇ بادەئى بىغەشتۇر،
مەي بولماسە مەئجۇن داغى بولسە خۇشتۇر.

مەستكى مۇدام، مەسىھا دېگەن ئۆزى ئىكەن،
نۇتقى مەسىھا دېگەن سۆزى ئىكەن.
قەدر كېچەسى بىكىن زۇلفى ئانىڭ،
نە كىشىگە، ئەي كۆڭۈل، روزى ئىكەن.

ئەھبابكى بەزمىدە گۇلىستان خەستۇر،
يوق لېكىن ئالەر بەزمىدە بىزگە دەستۇر.
ئول جەمئىدە گەر ھۇزۇرى جەمئىيەت بار،
يۈز شۇكرى بۇ جەمئى بىھۇزۇر ئەمەستۇر.

دۇنيا بارىسى ماڭا مۇسەخخەر بولسا،
ئوقبادە داغى خۇداي ياۋەر بولسا.
بۇدۇر تىلەگىم ئىككى جەھاندە ھەقدىن،
ھەرنە تىلەسەم، بارى مۇيەسسەر بولسا.